2007. 1

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال



# بۇلاق

ISSN 1005-0876

原泉(布拉克) ⊙ BULAK

www.uyghurkitap.com



«ھاممال ۋە ئۈچ ساھىبجامال» —— رەسىم قىستۇرما سىزىلغان كېچىسىگە 9- نىڭ «كېچە بىر مىڭ»

رېئون كار (ئامېرىكا) سىزغان ——

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

28 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 112 ـ سان

# دانالار نەسىھىتىدىن

مۇرەككەپ ... مۇھەممەد ھادى

مەرى ئالار كىشىنىڭ ئەقلۇ ھوشىنى،
بەرى دەرد قايغۇلار جىسمى ئۈچ كىشىنى،
گاھ ھەممە ئىشلىرى ھوۋل ئىشەنگەن قىلار،
گاھ ھوشلىرى يوقسىز ئىشەنگەن قىلار.
دەيسەڭكى مەرى دەردى، ئەلەمى ئالار،
لېكىن نىمە ساۋاقى، جىدالى ئالار.
بىردەم غەم يوقسە دېنا ئالار قىلسۇن،
بىلگىن ئاسمان ئارا يوقسۇزدا ئەمس ئۇن.

مەيدىلىكى ئۆتۈنى ئىشەن قىلمىغىن ھەۋەسىن،
ياشلىق ھارارىتى ئۆتى ساناغا بەس،
يېشىن قاينايدۇ خۇمرى،
مەي ئۆتۈنى كۆرمەسىن ئوقشۇ لىسائۇتقان،
كۆيدۇ ۋالاۋۇلدارى قىلىدىكى ئۇۋۇرت،
مەي ئوتىغا قوشۇلسا ئاشكارا ئىشەن توۋرت،
نى يالا قوزغايدۇ ئۇلسا كۆڭۈل قىلغەمشىن،
سىياۋۇ ئىشەنگەن يالاۋدىن بولسا كۆڭۈل ئاتەمشىن،
قانزىدەك قاينىتار ئۇ ئىشلىكى ئاتەمشىن.

ـــــ ھەبىبۇللا ھاموت يازغان

# بۇلاق

2007 ـ يىللىق 1 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

نەۋرۇزنامە ............................ سەنەۋبەرشاھ بىننى ئەھمەد ئاخۇند (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقېييۇم خوجا

قىسسەئى مەشرەب ............................ خاجە ئەھمەد (14)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تەزكىرەئى ئەسھابۇل ـ كەھف ............................ (23)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

خەمسە تەلقىنلىرى ............................ توختاسىن جالالوۋ (58)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابلىمىت ياقۇبى

### تېبابەت تەتقىقاتى

خارەزم مەئمۇن ئاكادېمىيىسىدە تېبابەتچىلىك ............
............ سۇرەييە كەرىموۋا، ئابدۇخالىق ئابدۇرۇسۇل (71)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: بوغدا ئابدۇللا

## فولكلور تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەككە ئائىت پەرھىزلىرى ........................ ئەنۋەر سەمەت قورغان (80)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

ئەپلاتون بىلەن ئەرەستۇنىڭ ھېكايىسى ........................................ (95)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

كەپتەرۋازنىڭ ئوغۇللىرى (چۆچەك) ........................................ (98)
رەتلىگۈچى: ئىمىن تۇمۇر
لوپنۇر قوشاقلىرى ........................................................ (105)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مويدىن سايىت بوستان

## ئالاھىدە سەھىپە

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرى ........................................ (111)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: مەختۇمسۇلا (پەرھات ئىبراھىم سىزغان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئابلىكىم زۇنۇن جەۋلانى

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

# نەۋرۇزنامە

سەنەۋبەرشاھ بىننى ئەھمەد ئاخۇند
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقېيىيۇم خوجا

مۇھەررىردىن: شائىر سەنەۋبەرشاھ بىننى ئەھمەد ئاخۇند قەلىمىگە مەنسۇپ «نەۋرۇزنامە» ناملىق ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرى، ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي مىراسلاردىن بىرى. بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ قەدىمىي قولىيازمىلار فوندىدا «0.40» دېگەن نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. بۇ قولىيازمىنىڭ فورماتى 17.5 × 11 سانتىمېتىر، خەت يېزىلغان ئورنىنىڭ ئابيومى 12 × 7 سانتىمېتىرئەتراپىدا. خەتلەر قارا ۋە قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان. كىتابنىڭ باش ـ ئاخىرى تولۇق ئەمەس. ساقلىنىپ قالغان قىسمى 61 ۋاراق (122 بەت). كاتىپنىڭ ئىسمى نامەلۇم، بەلكىم ئاپتورنىڭ ئۆز قولىيازمىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

«نەۋرۇزنامە»دە ئاپتور ئۆزى ھەققىدە بىر شېئىرنىڭ ئاخىرىدا:

تارىخقە ئېردى بىر مىڭ ئۈچ يۈز قىرىق بىر،
بۇ ‹نەۋرۇزنامە›نى بەيان قىلىپ مەن بىر ـ بىرى.
«نازىم سەنەۋبەرشاھ بىننى ئەھمەد دەپ بىلىڭ تاڭلا بۇ كۈن»

دېگەن مىسرالارنى يازغان. بۇنىڭدىن بۇ شېئىرنىڭ ھىجرىيە 1341 (مىلادىيە 1922) ـ يىللىرى يېزىلغانلىقىنى، مۇئەللىپنىڭ ئىسمى سەنەۋبەرشاھ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. يەنە بىر شېئىرنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىپ:

«ئىدى تارىخقە بىر مىڭ ھەم ئۈچ يۈز،
يەنە ئەللىك تۆرت، يىلى ئېردى توڭغۇز.
ئاينى بىلسەڭ مۇھەررەم بولغان ئېردى يىگىرمە توققۇز،
نازىم سەنەۋبەرشاھ بىننى ئاخۇند دەپ بىلىڭ.»

دەپ يازغان. بۇ مىسرالاردىن بۇ شېئىرنىڭ ھىجرىيە 1354 (مىلادىيە 1935) ـ يىلى، يەنى ئالـ دىنقى شېئىردىن 13 يىل كېيىن يېزىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مۇئەللىپ يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق دېگەن:

«ئەي دېھقانلار ئۇيغۇڭ ئاچساڭ،
نازىمنى بىلەي دېسەڭ،
ئويمان بايتوقاي دەريا لەبى بىلسەڭ،
سەنەۋبەرشاھ بىنىنى ئاخۇند دەپ بىلىش».

بۇ مىسرالاردىكى مەلۇماتلاردىن ئاپتور سەنەۋبەرشاھنىڭ يۇرتى غولجا ناھىيىسىگە قاراشلىق ئويمان بايتوقاي يېزىسى دەريا لېۋى مەھەللىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، ئالدىنقى بىر شېئىردا مۇئەللىپنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «ئەھـ مەد» دېيىلگەن، كېيىنكى ئىككى شېئىردا «ئاخۇند» دېيىلگەن. «ئاخۇند» سۆزى ئايرىم ھاللاردا يالغۇز ئىسىم بولۇپ كەلگەندىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا ئومۇمەن دىنىي ۋە ئىلمىي مەرتىۋە سۈپىتىـ دە، شۇنداقلا ھۆرمەت بەلگىسى سۈپىتىدە بالاغەتكە يەتكەن ھەممە ئەرلەرنىڭ ئىسمىغا قوشۇلىدۇ. شۇڭا، بىز ئاپتور ئىسمىنى سەنەۋبەر شاھ بىنىنى ئەھمەد ئاخۇند دەپ ئالدۇق.

«نەۋرۇزنامە» ئەدىبىيلىك جەھەتتە ئىلغار قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان، دېموكراتىك خاھىـ شى كۈچلۈك بولغان مۇھىم مەدەنىي مىراس. ئۇنىڭدا يەنە خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، بولۇپمۇ نورۇز بايرىمىغا دائىر ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى ھەققىدە ناھايىتى قىمـ مەتلىك مەلۇماتلار ساقلانغان. شۇڭا، بۇ ئەسەر گەرچە بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۇنچە يۇقىرى سەۋىـ يىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئەدىبىيلىك ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مەنبەلەر بىلەن تولغان. بۇ ئەسەردىن خەلقىمىزنىڭ 1920 ـ ۋە 1930 ـ يىللاردىكى تۇرمۇش ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ۋە روھىي كەيپىياتى، جەمئىيەت قىياپىتى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. مۇئەللىپ شېئىر يازغاندا، مىسرالارنىڭ ۋەزنى ۋە ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن، قاپىيىلەرنىڭ ئاچ ـ توقلۇقىغىمۇ ئانچە ئېـ تىبار بەرمىگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى بىرقەدەر ئەركىن، ساددا شەكىلدە ئىپادىلىـ گەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي «نەۋرۇزنامە»نىڭ ئىلمىي قىممىتى، تارىخىي قىممىتى ۋە فولكـ لورشۇناسلىق جەھەتتىكى قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. بۇ ئەسەر باشتىن ئاخىر ھەقىقىي تەپـ سىلاتلار ۋە چىن ھېسسىياتلار تەسۋىرى بىلەن تولغان بولغاچقا، كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەر بۇ ئەسەرلەردىن خەلقىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئەدەتلىرى ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك تارىخىي ۋە ئەدىبىي ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيدۇ.

* *

رەئدەلەر پەيدا بولۇر ئوتلار چىقىپ، رەھمەت ياغىپ،
كۆرۈنۇر قىزىل ياشىل ھەسەن ـ ھۈسەن بىرگە چىقىپ،
دەرەخلەر تاشلاپ كۆكەرىپ، ھەر تەرەپ سايە بېرىپ،

ئادەم ئوغلى، ئات ـ كالا، ئۇچار ـ قۇشلار راھەت ئېلىپ،
ھەممە مەخلۇقات بۇ كۈن مەقسۇد يېتەر كۈندۇر بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلدى بۇ جاھان ئاللار تاماشالار قىلىپ،
شادلىقتىن تىفلىلەر مۇشكىل سەبەقلەر ھەل قىلىپ،
قىلسا نەۋرۇزلۇق بىراۋ، بەش تەڭگىگە ئوغلاق ئېلىپ،
تاڭلا مەھشەردە كۆرەر ئەجرىنى جەننەتكە كىرىپ،
بىرنى بەرسە، ئون ئوغلاق ئالغۇسى تاڭلا بۇ كۈن.

كەلدى نەۋرۇز شادلىقدىن ئويناشۇر شاھۇ گەدا،
باغدا كاككۇك، تاغدا ئىسھاق سايرىشىپ قىلغاي ندا،
ھاللاز ئېتىپ ئاتلار ئويناپ، ھاڭرار ئېشەك، ئازنار بۇقار،
بارچە زىجان سايراشۇر سازدا بۇلاق بىرلە فاقا،
بارچە مەخلۇقات ھەممە ئازاد مەۋزۇندۇر بۇ كۈن.

ياز بولدى، گۈل ئاچىلدى، ھەر تەرەفتە لالەھا،
ئالما، ئۆرۈك مېۋىلەپ، تۇرلۇك مېۋە بارىھا،
ئارپا، بۇغداي تېرىشىپ، ئۆيگە بارساڭ نانىھا،
قوغۇن، تاربوز سويىملاپ، باراڭلىقلار سايىھا،
قەھەتلىك كەتتى بۇ كۈن، توقلۇق كۈنى كۈندۇر بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلدى جاھان گۈلزارىغە، گۈللار ئاچىلماسمۇ،
قونۇپ شاخىغە بۇلبۇل، ئاغزىدىن دۇرلار ساچىلماسمۇ،
كىشى ئىلم ئۈچۈن سامىئ بولۇپ، خىزمەتتە تۇرماسمۇ،
رەسۇلۇللاھ شەفائەتخاھ بولۇپ ئىلكىنى ئالماسمۇ،
ھەركىشى ئىلم ئوقۇر، يەتكەي مۇراد تاڭلا بۇ كۈن.

قىز ـ ئوغۇل ئەۋلادىنى مەكتەبكە بەرسە ھەركىشى،
قىلغۇسى تومۇغ ئوتىدىن تەڭرىم ئازاد تۆرت كىشى،
ئەۋۋەلەن ئاتا ـ ئانا، بالا، ئوقۇتقان موللىسى،
دائىمەن ئوقۇش بىلەن ئۆتسە مۇنىڭ يازۇ ـ قىشى،
قىلغۇسىدۇر بىل، ئەزىز تەڭرىم ئانى تاڭلار بۇ كۈن.

ئىبتىدا قىلدۇق نەۋرۇزدىن باشلادۇق،
بۇ نەۋرۇزنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلادۇق،
قاتتىق تىرە شالبۇرۇڭ، باشتا تۇماقنى تاشلادۇق،
شاتىۋەردە سىم كىيىپ، جۇۋا تاۋاقنى تاشلادۇق،
ئات مىنىپ، ئوغلاق قىلىپ مەشرەپ قىلۇر كۈندۇر بۇ كۈن.

يىل باشى كەلدى بۇ كۈن ئەسكى چاپاننى تاشلادۇق،
چىگرىن قېيىق تاپان ئالدۇق، چورۇقنى تاشلادۇق،
كەلسە مېھمان ياپىپ يافۇق، ئەسكى تاغارنى تاشلادۇق،
كۆڭلەر قىلىپ قوشلار ھايداپ، ئاشلار تارىشنى باشلادۇق،
ئىش باشى، سائەت كۈنى، ئانبار تولار كۈندۇر بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلدى جاھانغە، بارىپ ئېيتقىن داداڭغە،
داداڭ قىلسۇن مەسلىھەت، ئاقشاملىقققە ئاناڭغە،
ئاندىن بەرسۇن ياچەن پۇل، ئەكىپ بەرگىن موللاڭغە،
ئېيتقان سۆزگە قۇلاق سال، ئابدان ئالغىن يادىڭغە،
قىلسەلەر خەيرۇ سەخا، دۇئا ئىجاب كۈندۇر بۇ كۈن.

چۈن بولدى گۈلىستان، نەۋرۇز كېلىبان، قىش كېتىبان،
يەر يۈزىگە تامغۇسى، نەيسانى رەھمەت يېتىبان،
غەم قايغۇ كېتىبان، نازۇ نەئىم بولدى فەراۋان ئالەمغە يەكسان،
توقسان تولۇبان، جۇجۇ كېتىبان، دەۋلەت يېتىبان،
ئۆلمەسكى ىىراۋ ياتسە ئاداشىپ چۆللەردە بۇ كۈن.

كەتكەچ باھار، يەتكەچ خەزان، بەرگىدە قان، يىغلايدۇ كۆز،
يەنە شەھرىڭدە بۇ قىش يەتكەچ ئاقار دەريادا مۇز،
كەتكەچ جەۋان، يەتكەچ قېرى، ئاقارۇر ساقال، كۆرمەيدۇ كۆز،
قايتماس ماھۇ سال كەتكەندە ئارمان قىلغاندە ھەنۇز،
بىل غەنىمەت ھەرنەفەس، جەۋانسەن دەۋلەتى سۇلتان بۇ كۈن.

يەتكەچ قارى، قالمايدۇ تىش، كۆزدە چوفاق،
تېزىدىن قۇۋۋەت كېتىپ، ئەتلەر سىزىپ، بوينى سافاق،
قورۇلۇپ ئېڭەك، تورۇلۇپ تېرە، بەل مۈكچەيىپ، قارنى شافاق،
ئاغزىدا گۈلدۈر - گۈلدۈر، ماغدۇر يوق، قولدە تاياق،
تۇت غەنىمەت ھەر نەفەس، سەن نەۋجەۋان مىڭ يىل بۇ كۈن.

ھەر يىلىكىم كەلسە قىش، قالار ياغۇر، بولغاي ساۋۇق،
بارچە ئادەم كىيگۈسى كۆرەك جۇۋا، شالبۇر، چورۇق،
ئۈمىد بىلەن باقسا توخۇ، چايغە ئاتاپ تۇغماس تاۋۇق،
ئوت - چۆپ يوقاپ، ئاچلىق بولۇپ، ھەممە جان بولغاي ئورۇق،
قىش كۈنىنىڭ بىر كۈنى ئون كۈن بەدەل كۈندۇر بۇ كۈن.

قىش كەتدىيۇ غەم كەتدى خۇدانىڭ رەھمەتى يەتدى،
ئورۇق كەتدى، قوتۇر كەتدى، سېمىزلىق ھەممەگە يەتدى،

ئاچلىق كەتدى، قايغۇ كەتدى، ھەممە جان رىسقىغە يەتدى،
جەفا كەتدى، مېھنەت كەتدى، ھەممەگە راھەت يەتدى،
كەفتەلەر بۇق - بۇق ئەتدى، دەرەخ شاخىغە قونغاي بۇ كۈن.

نەۋرۇزلۇق قىلدۇق بۇ كۈن، قىش كېتىپ نەۋرۇز يەتكەچ،
بۇ سەۋۇقنىڭ زۇلمىسى ھەممە زىجانغە دەرد ئەتكەچ،
جەفا، زۇلم، ستەم، مېھنەت، ھەمە ئالەمدىن كەتكەچ،
ئۆيدىن - ئۆيگە ئىيدلاشدۇق، كۆڭۈلنى خۇرسەند ئەتكەچ،
سىفاتىن قىلسا ئاز ئۇلغاي ھەمە ئالەمگە ياد ئەتكەچ تاڭلا بۇ كۈن.

قىش كۈنى كەتكەن ھامان، بولغان ساۋۇقنى ئۇنتادۇق،
قاتتىق شالبۇر، كۆرەك جوۋا، كىيگەن چورۇقنى ئۇنتادۇق،
سايەلەردە ئولتۇرۇپ ئويناپ، ئويۇنغا باشلادۇق،
يەنە قىش كەلمەيدىغاندەك، ئۆتكەن جافانى ئۇنتادۇق،
قىش ئۆتۈپ كەتسە يەنە قىشلار كىلۇر كۈندۇر بۇ كۈن.

دوستلار، ئاقىل ئېرسەڭ، كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتاما،
تاجى دەۋلەت يەتسەلەر، كىيگەن چورۇقنى تاشلاما،
كەلسە دەۋلەت، كەتمەگەي دەپ، سەن كۆڭۈلدە ئويلاما،
نە خاقانلار قالمادى، كەتتىلەر دارۇل بەقا،
ئاخىرەتنىڭ غېمىنى قىلغىن سەن تاڭلا بۇ كۈن.

كەلدى نەۋرۇز، يىد سالىڭ قوي ياغىنىڭ ياغىدا،
ئادەملەرنى چاقىرىڭ، ئولتۇرغۇزۇڭ ئايۋانىدا،
نازۇ - نېمەت تولدۇرۇڭ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا،
ئالدىدا دۇئا ئېلىڭ، ياد ئېتىپ پىر ھەققىدە،
ئاشلارىڭ ئابدان بولۇر، ئىش ئىبتىدا كۈندۇر بۇ كۈن.

كېگىزلەر قاقاچتۇرۇپ، ئۆيلەرنى قىلغىن يورۇق،
بولۇڭلاردا قالماسۇن پايتىما، ئەسكى چورۇغ،
ھولا - ئارامدا قالماسۇن ئەخلەت - چوۋا، بىرلە يوق،
كەلسە مېھمانلار كۆرۈپ كۆڭۈللىرى بولسۇن يورۇق،
راھەتتە، فەراغەتتە ئولتۇرسۇن كەلسەلەر مېھمان بۇ كۈن.

كەلسە مېھمان ھولا - ئارام، ھېچ ئەخلەتنى كۆرمەسۇن،
بالا - چاقا، مال - باران، قىلغان تېزەكلەر كۆرمەسۇن،
ھېچنەرسىدىن ناخۇشلۇق مېھمانلارغا يەتمەسۇن،
بەرگەن تەئامىڭنى يېسۇن، ھەلاۋەتتە ئولتۇرسۇن،
ھەممەدە خوشنۇد بولۇپ، خۇشلۇق بىلەن كەتسۇن بۇ كۈن.

ۋاجىب بولدى ئۈچ ئەشيا، ساھىبخانە بولغانغە،
ئەۋۋەلقەسى زورلاما، قارنى تويسە مېھمانغە،
ئىككىنچىسى ھەلال بەر، بەرمە ھەرام مېھمانغە،
ئۈچىنچىسى ساقلاتما ۋاقت بولسا بىر فەرزغە،
كۆك ماڭقانى قوشماغىن، يېسۇن تائام مېھمان بۇ كۈن.

ۋاجىب بولدى ئۈچ ئەشيا، مېھمان بولغان مېھمانغە،
ئەۋۋەلقەسى ئولتۇرغاي، ئولتۇرغۇزغان خانىغە،
ئىككىنچى، رازى بولسۇن ماڭسە يولنى مېھمانغە،
ئۈچىنچى، دۇئا قىلسۇن مېھمان ئۆيدىن قايتقاندە،
ئامىن دەڭلار، دوستلار، دۇئا ئالۇر كۈندۈر بۇ كۈن.

بىسمىللاھنى بەك ئېيتقىن، دېمىگەنلەر دېسۇن،
ئەلھەمدۇلىللاھنى بوش ئېيتقىن، يېمىگەنلەر يېسۇن،
ئاغزىڭ تۇتما تەخسەگە، ئەيب سەندە كۆرمەسۇن،
قولۇڭ بارسۇن تەخسەگە، ھەمتەبەقلەر خۇش بولسۇن،
قولۇڭ لۇڭگىگە سۈرتمە، ئاش يېسۇن مېھمان بۇ كۈن.

كەلدى نەۋرۇز ئايتقىن سەن بىر ئەللاھغە شۈكرىنى،
ئان ھەزرەتكە ئايت دۇرۇد، بىر ئەللاھغە ھەمدىنى،
ئېگىز يەرگە چىققىن سەن، كۆر خۇدانىڭ سۇنئىنى،
قىل تەماشا، ئويلاما كۆڭۈلدە ھەرگىز فىكرىنى،
ئول فىكرىدە يېگەلىپ، بولماغىل ئاسى بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلدى جەھانغە، قىلغىن شولو، فولونى،
ئاتا ـ ئانا ھەققىدە خەشلە تاپقان فۇلۇڭنى،
ياخشىلاردىن دۇئا ئال، بەرگىن شولو، فولونى،
ئاتا رازى، ئانا رازى، ئەللاھ ئاچۇر يولۇڭنى،
«لاتەقنەتۇ» ئايەت كەلدى، نائۇمىد بولما بۇ كۈن.

ئاتا ـ ئانا كەتتىلەر، ساڭا ـ ماڭا ئىبرەتدۇر،
ئولتۇرماغىن غەفلەتدە، بارۇر يەرىڭ سىنىڭ گور،
قاراڭغۇدۇر پۇر ھەيبەت، ھەيبەتلەرى ئاندىن زور،
ئاندىن ئىبرەت ئالغۇسەن، ئىنانماساڭ بارىپ كۆر،
بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمگە بولغاغىن مەغرۇر بۇ كۈن.

نەۋرۇز ئۆتۈپ، نەۋرۇز كەلدى، ئەمانلىقغە شۈكر قىل،
ئاغرىق ـ سىلاق تومۇدىن ئەمانلىقغە شۈكر قىل،

بالا ـ چاقە، مال ـ باران ئامانلىقىغە شۈكر قىل،
بۇلتۇرقىلار بۇ يىل يوق، تەڭتۇشىن فىكر قىل،
ئاخىرەتىنىڭ غېمىنى قىلغۇسەن تاڭلار بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلسە جاھانغە، چىقار خاقان كۆرۈك سىز،
خۇش ھاللىقدىن كۆتەرۇر بازارلاردا نەچچە قىز،
يىغاچ فۇتدە ماڭدۇرۇپ نەچچە قېرى ئوغۇل ـ قىز،
بىر ـ بىرىن مېھمان قىلىپ، تولدۇرۇپ شەكەر لەزىز،
يېڭى يىل كەلدى دەبان، خانلار چىقار كۈندۇر بۇ كۈن.

كەلسە نەۋرۇز يىل باشى، چىقار خاقان ئويناشىپ،
بايراق ـ بايراق ئەسكەرلەر، ئۆكۈزلەرنى ھايداشىپ،
ئەژدەرھالار ئالدىدا مىزگان، تەبىل سوقاشىپ،
نەچچە يەردە فو ئاتىپ، فوزاڭزالار ئاتاشىپ،
دەبدەبە ـ ئەسئەسە بىلەن خاقان چىقان كۈندۇر بۇ كۈن.

كەلسە نەۋرۇز يىل باشى، يوقدۇر مۇنىڭ تەڭدۇشى،
نەۋرۇز بولغان كۈندىن ئىبتىدا قىلسە ئىشى،
ھېچ ۋەقتدە زىيىئ ئەمەس ئۇشبۇ كۈن قىلغان ئىشى،
مۇرادى ھاسىل بولۇپ، مەقسۇدىغە يېتەر كىشى،
ھەممە ئىشنىڭ ئەۋۋەلى نەھايەت مۇبارەك كۈندۇر بۇ كۈن.

خۇداۋەندىم رەھمەت قىلسە، ئەگەر پەرزەنتلەر بەرسە،
كىچىكىدىن تەربىيە ئەتسە، ئەدەب ئىلمىنى ئۆرگەتسە،
يەنە تەۋھىدنى بىلدۈرسە، نەھىلەردىن ياندۇرسە،
شەرىئەت ھۆكمىنى تۇتسە، ئەمرى مەئرۇفنى بىلدۇرسە،
گۇناھلارىمدىن ئەفۋ ئەيلەپ، خۇدا جەننەت بېرۇر بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلدى، ھەمەل كەلدى، بارچە ئۆلۈك بولدى تىرىك،
تاڭ ئەجەب قىلما خۇداغە، قىلسە ئۆلۈكلەرنى تىرىك،
خۇدايىمغە ئاسان ئۇرۇر قىلماق ئۆلۈكلەرنى تىرىك،
ھۆكمىدىن قىلدى خۇدايىم، تىرىكدىن ئۆلۈك، ئۆلۈكدىن تىرىك،
بۇ ھەممەگە مەئلۇم ئۇرۇر، ھەمد ئايت تاڭلار بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلدى، كۆزۈك ئاچ، ھەممە ئەيش فەراغەتدە،
يەنە ھەرىكەت تىجارەتتە، نەماز روزە ئىبادەتدە،
نەزىر ـ نۇزرات سەخاۋەتتە، ئۆتدى ئۇمر ئىبادەتدە،
ئۆتدى ئۇمرۇڭ زەلالەتدە، قىلماي تەۋبە نەدامەتدە،

تۇر ئورنۇڭدىن ئىبادەتكە، تەۋبە قىلىپ پۇشايمان بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلدى تاماشا قىل، تاغۇ ـ دەشتىدىن كەلدى كاككۇك،
ھەر كېچەدە تاڭ ئاتقۇنچە، ھوقۇشتەك ھۇ تارتدى كاككۇك،
لەيلى ـ مەجنۇن، ۋامۇق ـ ئۇزرا، فەرھاد ـ شېرىن، كەبى كاككۇك،
ھەمىشە زەينەپنى ياد ئېتىپ، قان يىغلاي كاككۇك،
سايراپ شېرىن زەبان كاككۇك يازغا زىينەت بەردى بۇ كۈن.

نەۋرۇز كەلسە، گۈللار ئاچىلىپ بەھار بولغاي،
بۇلبۇل سايراسە، كۆڭۈل ئاچىلىپ، تەن تازە بولغاي،
كەكلىك سايراسە، سەۋدايى كېسىلىپ مەجنۇن يوقالغاي،
كاككۇك سايراسە، تەنلەر شوخلۇنۇپ مەستانە بولغاي،
توڭ قاغىلار قاق ئېتىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئەتتى بۇ كۈن.

يىل باشى نەۋرۇز بولدى، ياغدى قار يامغۇر بىلەن،
نەۋرۇزلۇق راستلاپ قويدۇق، كۆجە سالىپ، چامغۇر بىلەن،
مېھمانلارغا تەييار قىلدۇق، شىگامەن، كۆڭگۈر بىلەن،
كەلسە مېھمانلار يېسۇن، خاھ سىڭەمەن خاھ ئۆگەمەن،
ئۆيدىن ئۆيگە ئېيدلاشتىپ، مېھمان بولۇر كۈندۈر بۇ كۈن.

نەۋرۇز كۈنى كەلسەلەر چوڭ ـ كىچىك شاتىيۇ بىلەن،
مېھمانلارغا قورۇدۇق قوي گوشتىنى ياغيۇ بىلەن،
بىنام ئۈنى ئۇگۇر ئاش كۆكتات سالىپ چامغۇر بىلەن،
قونسا مېھمان دەملەدۈك بىر فۇت گۈرۈنج بىر مال بىلەن،
كۆڭلى قارنى تويغۇنچە، يېسۇن تەئام مېھمان بۇ كۈن.

يىل باشى نەۋرۇز بولدى، قوينى سويغىن ۋەقتىدە،
ياغىدە يىد ـ بۇي سالىپ، خەير قىلغىن ۋەقتىدە،
گوشتىنى ئاشغە باسىپ، مەشرەب قىلىپ ۋەقتىدە،
غەنىمەتتۇر بۇ نەۋرۇز، ئوينا ئالغىن ۋەقتىدە،
كىم تۇرۇپ كىم قالادۇر ئەللاھ بىلۇر تاڭلار بۇ كۈن.

تۆرت ئىشىك كۆردۈم بۇ نەۋرۇز، ئەي ھەكىم،
ھەر ئىشىكتە ئولتۇرۇر ئۈچ قىز مۇقىم،
ئوتتۇز ئوغلان كەلتۇرۇپ، ھەر قىز، ھەكىم،
ھەر ئوغۇل قىسقان ئىكەن بەش گۈل مۇقىم،
ئوتتۇز ئوغۇل ئاچ قالىپ، باشقاسى توقدۇر بۇ كۈن.

يىل باش نەۋرۇز بولدى، چايىمىز قايماق بىلەن،
نەچچە تۈگدە سارىماي، قىلغان مۇنى قايماق بىلەن،
ھەممە ئۈي مايلىق توقاچ، يېگەن مۇنى قايمان بىلەن،
كۆكتات بىلەن جەنزە نان ئەتكەن مۇنى قايماق بىلەن،
ھەممە ئۆيدە سارىماي، قايماق، قاتىق، سۈزمە بۇ كۈن.

يىل باشى نەۋرۇز بولدى، مال - باران بولدى سېمىز،
ھەممە بىيە قۇلۇنلاپ، ھەممە ئەل ساتدى قىمىز،
يىلقىچىنى كۆرسە ئەل، بەرمەمسەن دەپ بىزگە قىمىز،
سىل كېسەللەر قىمىز ئىچىپ، ساق بەدەن بولدى سېمىز،
ھەممە ئەل قىمىز ئىچىپ، تەربىيە كۈندۇر بۇ كۈن.

كەلسە مېھمان ياز كۈنى، ئۇسسالۇق ئىچتى قىمىز،
قونسا مېھمان نىمە غەم، سويغالى ئوغلاق سېمىز،
نەچچە تەشتەك سارىماي، قايماق - قېتىق باردۇر دېگىنىز،
ھەممە ئەل بەرابەردۇر، ئورۇق - سېمىز فەستۇ ئېگىنز،
ياز كۈنىنىڭ ھەممىسى نەۋرۇز كۈنى كۈندۇر بۇ كۈن.

ئايا دوستلار، تەماشا قىل، يىل باشى نەۋرۇز ئولدى،
ئەجەب فەسلى چىرايلىق باغۇ سەھرا گۈلئۈزار ئولدى،
شكۆفە بەرگىدە يافراق، چىقىپ گۈل ئاشكار ئولدى،
بۇ گۈللارنى قىسىپ قىزلار، كوچالاردا گۈزار ئولدى،
ئانىڭ ئۈچۈن سەنەۋبەر شاھ نەۋرۇز ئايتار كۈندۇر بۇ كۈن.

كەلدى نەۋرۇز يىل باشى، ئىچىمىز چامغۇرلۇق ئاش،
كۆكتات بىلە كابا ئۈچى، ئاشغە سالۇرمىز بىرگە ماش،
قايماق بىلەن چاينى ئەتكەن نانىمىز مايلىق توغاش،
مۇزلاماس باللار بۇ كۈن، چىقسا تالاغە يالاڭاش،
نەۋرۇز كۈنى كەلگەندە گوشكە نىمە ھاجەت بۇ كۈن.

تارىخقە ئېردى بىر مىڭ ئۈچ يۈز قىرىق بىر،
بۇ يىلنى مۇنەججىملەر ئايتار ئېردى خىنزىر،
بۇ «نەۋرۇزنامە»نى بەيان قىلىپ مەن بىر - بىر،
جەمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە سەككىزى تەمام بولدى تەفسىر،
نازىم سەنەۋبەر شاھ بىننى ئەھمەد دەپ بىلىڭ تاڭلا بۇ كۈن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا)

# قىسسەئى مەشرەب ①

خاجە ئەھمەد

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۆ

مەشرەبنىڭ سۆزى ھەزرەتكە خۇش كېلىپ، ئىلتىپات نەزىرى بىلەن قاراپ، قوللىرىنى ئېچىپ مەشرەبنىڭ ھەققىغە دۇئا قىلىپ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويدى. مەشرەب شۇ سائەت بىھوش بولۇپ يىقىلدى، گوياكى بىسمىل قىلغان توخۇدەك بىقارارلىق رۇي بەردى. ھەزرەت مەشرەبنىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ زاھىر كۆزلىرىنى يۇمۇپ، باتىن كۆزلىرى بىلەن مەشرەبنىڭ ھالىنى بىلدىكى: مەشرەب دىل چىرىغىغا ياغنى قۇيۇپ ياندۇرماققا تەييار قىپتۇ. بىراق، بىر پىرى مۇرشىدنى تاپالماي، چىرىغىنى ياندۇرالماي يۈرۈپتۇ.

ھەزرەت:

— ئەي مۇرىتلىرىم گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭ ئېتى مەشرەب، دەرگاھى ھەق بولسۇن! ئاللاھۇ ئەكبەر، — دېدى.

مەشرەب كۆزىنى ئېچىپ:

جىددۇ جەدەل قىلىپ بۇ كۈن
ئەرتەنى كەچكە قويماغىل،
ئارىفى ھەق بولاي دېسەڭ
ئارىفى مۇددەئا كېرەك

دەپ ھەزرەتكە مۇرىد بولدى.



ئەلقىسسە، ھەزرەت مەشرەبكە:

— ئەي مەشرەب، بىزگە خىزمەتكار بول! — دېدى.

مەشرەب ھەزرەت «خۇش بولغاي» دەپ ئۈچ يېرىم يىل كېچە ـ كۈندۈز ئوتۇن توشۇدى. مۇرىلىرى يېغىر بولدى. يەنە ئۈچ يېرىم يىل سوغا بىلەن سۇ توشۇدى. شۇ تەرىقىدە ھەزرەتنىڭ ئىشىكىدە يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ يەتتە يىلدا بىر جۇۋىنى — يازدا ئۈگىنى، قىشتا يۈڭىنى كىيدى. قار بىر غېرىچ ـ ئىككى غېرىچ ياغاتتى. جۇۋا ئۈچىسىغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى:

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئەي بۇرادەر، مەن كىيىپمەن
بىر كىيىمنى يەتتە يىل،
بەس، مۇشەققەت تارتماغۇنچە
يەتمەكنىڭ ئاسان ئەمەس.

ئىشان مەشرەب شۇ چاغقىچە ھەزرەتتىن نەزەر ـ ئىلتىپات كۆرمىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەي مەشرەب، سەن بۇ دەرگاھقا كەلگىلى يەتتە يىل بولدى. ناۋادا ھەزرىتىم يەنە بىر مەرتىۋە (مەشرەب) دېسە، ئىشىڭ تامام بولاتتى. كەل، ئەمدى بىر گۇناھ قىلغىن. خۇدايى تائالا بىگۇناھنى سورىماس ئىكەن. شايەدكى، بىر گۇناھ قىلسام، شۇ گۇناھ تۇپەيلىدىن گۇناھىمنى سوراپ دارغا ئېسىشقا بۇيرۇسا ئەجەب ئەمەس. پىرىمنىڭ شۇنچىلىك ئىلتىپاتلىرىنى كۆرۈپ بولسىمۇ ئۆلۈپ كەتسەم، ئارمىنىم يوق ئىدى» دەپ، ساتارنى قولىغا ئېلىپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ۋەئدە قىلدى مەن كېلەي دەپ كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەدى،
تەلمۈرۈپ يولىدا تۇردۇم، شوخى بەدخۇ كەلمەدى،
نەچچە كەلدى شول رەقىب، ئول رويى بەدخۇ كەلمەدى،
دەردىدىن ئۆلدۇم، ۋەلى دەردىمگە دارۇ كەلمەدى،
مەن شەھىدى ئىشق بولدۇم، قەترەئى سۇ كەلمەدى.

بول ھەۋەسلەر قاشىدا قەدرىمنى ھەرگىز بىلمەسە،
روزى مەھشەر ئاھ ئۇرارمەن، قاشىمە بىر كەلمەسە،
يىغلايمۇ ئاھ ئۇرۇپ ھەرگىز كۆزىگە ئىلماسە،
مەن غەرىبنى نەچچە يىلدىن بارى ھەرگىز سورماسە،
بارچەغە شېرىن زەبان، ماڭا بەرگۇ كەلمەدى.

ئاھ، ۋاۋەيلا، غەرىبلىق شەھرىدە بىمارمەن،
گەر ئالۇر بولساڭ جانىمنى ئال، سەنەم، بىزارمەن،
پەردەنى يۈزدىن كۆتۈرگىل، ئاي يۈزۈڭگە زارمەن،
ساقىيا، تويغۇنچە مەي بەر، نەچچە كۈن خۇممارمەن،
بارچە مەجلىسلەر گۈلى، زۇلفى سۇمەنسا كەلمەدى.

تەشنەلەب قالدىم غەمىڭدە، مېھرىبانىم قايداسەن؟
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ يۈرەرمەن، جانى جانىم قايداسەن؟
مەھرەمى رازى دىلىم، ئارامى جانىم قايداسەن؟
ئىزدەسەم يوقتۇر مەكانى، لامەكانىم قايداسەن؟
مۇنچە غەم توشتى باشىمغە، مەسلەھەتگۇ كەلمەدى.

يىغلاماغلىق بۇ سەبەبدىن، ئەي نىگارىم كەلسەڭىز،
سۆز قايىتىپ بىر لۇتفى بىرلە، بىر قىيا كۆز سالسەڭىز،
ئىككى دۇنيادىن كېچىپمەن، بىۋەفا دەپ بىلسەڭىز،
بىلمەسەڭ، ئەي دىلبەرىم، يارىپ، يۈرەكنى كۆرسەڭىز،
كۆرمەيىن ھەسرەتدە كەتكۈمدۇر، ستەمخۇ كەلمەدى.

ئۆرتەدى كۆڭلۈمنى، دوستلار، يارنىڭ ھەربىر سۆزى،
باققاچ ئىمانىمنى ئالدى ئاھۇدەك ئويناق كۆزى،
گۈل ئۇچۇن بۇلبۇل قەفەسدە، زاغلار ئويناپ تۈزى،
جان بېرۇردە بىر كېلەي دەپ ۋەئدە كۆپ قىلدى ئۆزى،
ھەلقۇمە يەتتى بۇ جانىم، چەشمى جادۇ كەلمەدى.

يىغلاتىپ يولىدا قويدى، دادىمە ھېچ يەتمەدى،
«ئەي غەرىبى، خاكپايىم» دەپ بۇ ھالىم سورمادى،
بۇ سەبەبدىن دادخامەن يار كۆزىگە ئىلمادى،
جەبرىنى قىلدى زىيادە بىرنى ھەم كەم قىلمادى،
كۆڭلى قاتتىغ تاش باغىر، جانىمغا دەرمان كەلمەدى.

كەلدى يۈزمىڭ جىلۋە بىرلە بىزنى ئول كۈيدۈرگەنى،
تاقەتىم يوق مەن ئانىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرغانى،
زۇلفىنىڭ بەندىغە چىرماپدۇر نەچچە مەن بەندەنى،
ئايتىپ ـ ئايتىپ يىغلايىن مەن، بىۋەفانىڭ دەردىنى،
بىۋەفانىڭ دەردىنى ئايتۇرغە ھەققۇ كەلمەدى.

ئىچۇ تاشىم غەمگە تولدى، غەمگۇزارىم كەلسەنا،
ھەرنە قىلساڭ سەن ئۆزۈڭ قىل، دىلفىگارىم كەلسەنا،
جۇملە شاھلارنىڭ ئۇلۇغى نامدارىم كەلسەنا،
مەرھەمەتلىك پادشاھىم، تاجدارىم كەلسەنا،
دىلنى رەڭگارەڭ كۆرۈزگەن ئايىنەئىرۇ كەلمەدى.

كۆرمەسەم بىردەم سېنى تەندە بۇ جاننى نەيلەيىن؟
ھەم بىھىشتۇ ھۇرۇ غۇلمان، كەۋسەرىڭنى نەيلەيىن؟

قالغان ئىبراھىمدىن ئۇل كۆھنە دۇكاننى نەيلەيىن؟
يەتتە ئەفلاك، سەككىز ئۇجماقنى سەنىڭسىز نەيلەيىن؟
بۇ سەبەبدىن ياد ئېتەرغە تىلغە ياھۇ كەلمەدى.

كەلدى مەشرەب داد ئەيلەب ئەرشنى كۆيدۈرگەلى،
كۇرسىيۇ لەۋھۇ قەلەم قالماي يەرىك كۆيدۈرگەلى،
يەتتە دەۋزەخ ھەم جەھەننەم تۇخمىنى كۆيدۈرگەلى،
ئاھ ئۇرار مەھشەردە مەشرەب ھەممەنى كۆيدۈرگەلى،
مەشرەبى ئۇلفەتنىڭشىن شېرىن سۇخەنگۇ كەلمەدى.

ئىشان مەشرەب بۇ مۇخەممەسنى ھەزرەتنىڭ ئوردىسىدا ئوقۇپ تامام قىلىپ تۇرغاندا، ھەزرەتنىڭ تەرىتىگە سۇ بېرىدىغان چۆرە قىز راۋاق تۆپىسىدىن قاراپ:

— ئەي مەشرەب، سەن بۇ دەرگاھقا كەلگەلى يەتتە يىل بولدى. شۇ يەتتە يىلدىن بېرى سېنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىڭنىڭ ئوقى مېنىڭ يۈرىكىمگە قارار تاپقاندۇر. بۈگۈن مېنىڭ بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلمىساڭ، تاڭلا قىيامەت كۈنى مېنىڭ قولۇم سېنىڭ ياقاڭدا بولغاي! — دېدى.

مەشرەب بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، نەزەر كۆزى بىلەن بېقىپ ئاجايىپ ئاپتاپ تەلەت، سائادەتنىڭ يۇلتۇزى بولغان بىر نازىنىننى — خۇدايى تائالانىڭ ھۈنىرىنى كۆردى ۋە:

— ئەي تەڭرىم، جاننىڭ ئاپىتى، خۇش قەلىقلىق مۇنداقمۇ بەندىلىرىڭ بار ئىكەن، — دەپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

ئەمما، بۇ ۋەقە ھەزرەتكە ئايان بولدى. ھەزرەت تون ـ سەرۇپايىلىرىنى كىيىپ، قىپقىزىل ھەيۋە بەلگىسىنى سەللىسىگە قىستۇرۇپ، شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ، مەشرەبنى قەتل قىلماق ئۈچۈن يېتىپ كەلدى. مەشرەب ھەزرەتنى بۇ سۈپەتتە كۆرۈپ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

دىۋانەدۇرمەن دۇختەرى سۇلتانى ئەجەمگە،
تا بەندە بولاي ئالدىداقى زۇلفى سىتەمگە.
ناگاھ ئەگەر ئىچسە ئىدى بادەنى مەئشۇق،
ئىكەۋلەن بارغاي ئىدۇك مەككە ھەرەمگە.
مەئشۇق قولىغە ئالسە قىلىچىنى بەيەكبار،
مەن نالە قىلاي ھەزرەتى ئىشان پىرىمگە.
بىر «ھۇ» ئىلەكىم لەيلىنى مەجنۇن قىلا يازدىم،
بىپىر كىشى بارغۇسىدۇر نارى جەھەننەمغە.
مەشرەب تەنىگە ئاتەشى دەۋزەخنى ھەرام بىل،
نېچۈنكى ئانىڭ سىدىق ئۈيىدۇر شاھى ھەكەمغە.

دىۋانەدۇرمەن شەمئى شەرەر جىلۋە سەنەمگە،
قۇربان بولاي ئاتەشكەدەئى شۇئلە ئەدەمگە.
زىبىبا سەنەم بادە ئىچىپ چېھرە قىزارتىپ،
ئوت قويدى گۈلىستانى پەرىزادى ئىرەمگە.
جانىم قىلىچىڭ ئاستىدا بىتابلىغ ئەتتى،
ئىشق ئېلىڭ جان بېرۇر قاشى قەلەمگە.
مەشرەب، نە بەلادۇر شىكەستى تۇررەئى كاكۇل،
سۇلتان سالادۇر كىشۋەرى سەرگەشتە ھەشەمگە.

ئىشان ئافاق خوجا ئېيتتىكى:

— مەشرەبنى تۇتۇپ باغلاڭلار! ئۇ «دارى مەنسۇر ھەللاجى» نى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ھەزرەت خانقاغا كىردى. سوپىلار مەشرەبنى تۇتۇپ، قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ باغلىدى.

ئىشان مەشرەب خۇدايى تائالاغا شۈكرى قىلىپ:

— ئەي پەرۋەردىگارىم، ئەمدى تا تىرىكمەن، مۇنداق گۇناھ قىلمايمەن. كىچىككىنە بىر گۇناھ قىلغىنىمغا بەندەڭنىڭ بەندىلىرى مۇنچە تەھقىقلەپ سوراقلىغان يەردە، تاڭلا قىيامەت بولغاندا ئۆزۈڭ قازى بولۇپ شۇ گۇناھىمنى سوراقلىساڭ، دىدارىڭغا تويغۇدەكمەن! — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بىر گۇناھنىڭ ئۈستىگە يۈزمىڭ گۇناھ قىلماق كېرەك،

يۈز گۇناھىم بار، خۇدايا، مەگبىر گۇناھىم يوق مېنىڭ.

سوپىلار ئىشان مەشرەبنى ھەزرەتنىڭ ئالدى-غا ئېلىپ كىردى. ئىشان مەشرەب ئۆزىنىڭ شۆھرەت بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۆلتۈرەيىن دەرمۇسەن يا كۆيدۈرەيىن دەرمۇسەن؟
يانە باشىمغە بەلانى ياغدۇرايىن دەرمۇسەن؟ !
يۈز كۆرۈپ سەيرى جەھان باغىنى بىر - بىر كۆرۈپ،
كەئبەئى كويىڭغە ئاخىر باردۇرايىن دەرمۇسەن؟ !
ئاسماندىن يەرگە تاشلاپ، خەلق ئارا رەسۋا قىلىپ،
قۇش كەبى بالۇ پەرىمنى يۇلدۇرايىن دەرمۇسەن؟ !
شاھ بازى لامەكان تەيرى كۆڭلىنى ئۈرلەتىپ،
تەبل ئۇرۇپ، دالباي قاقىبان قوندۇرايىن دەرمۇسەن؟ !
مەن شەھىدى ئىشق مەن، كەفەنگە چولغاپ ئېلتىبان،
ئاھ، قىزىل قانغە قويۇننى تولدۇرايىن دەرمۇسەن؟ !
بىر سەنىڭدىن ئۆزگەنى كۆڭلۈمگە سالسام، ئەي ئىلاھ،
تاسمادەك ئۇشبۇ تىلىمنى تىلدۇرايىن دەرمۇسەن؟ !
بۇ مۇھەببەت سوزىشى جانىمدىن ئۆتتى، ۋاي - ۋاي،
ئىشقى يوق بىدەردلەرنى كۆيدۈرەيىن دەرمۇسەن؟ !
بۇھەممە دەردۇ بەلالارنى كى سالدىڭ باشىمە،
ئىشقى مەشرەبنى ئوتۇڭدا كۆيدۈرەيىن دەرمۇسەن؟ !

ھەزرەت:

— ئەي مەشرەب، سەن شوندىاق ناماقۇل ئىش قىلدىڭكى، ھېچبىر ئادەم مۇنداق ناماقۇل ئىشلارنى قىلغان ئەمەس ! — دېگەنىدى، مەش-رەب:

— ئەي ھەزرەت، مەن تېخى سېنى ماڭا توغرا يول كۆرسىتەمدىكىن، دەپ بۇ گۇناھنى سادىر قىلغانىدىم. بىلدىمكى، ئىسمىڭ «توغرا يول كۆرسەتكۈچى ھەزرەت» (ھەزرەتى ھادىي) بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە سەن بىر ساختى-پەز، يولدىن ئازدۇرغۇچى ئىكەنسەن، — دېدى.

ھەزرەتى ئافاق خوجا بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— مەشرەبنى بېسىڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى.

سوپىلار مەشرەبنى باستى. ھەزرەت يانچۇقىدىن ئالتۇن مۇھۇرنى ئېلىپ، ئوتقا سېلىپ قىزد-تىپ مەشرەبنىڭ گەدىنىگە باستى. شاھ مەشرەب ھەزرەتنىڭ ئۇشبۇ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇرلەر ئېيتىپ، دىلى ئازار يېگەن، ھالى پەرىشان ھالدا ھەزرەتنىڭ دەرگاھىدىن ئايرىلىپ، ياركەند (يە-كەن) تەرەپكە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، مەشرەب ئۆزىنى ياركەند ۋىلايە-تىدە كۆردى. ياركەند ئەھلىمۇ مەشرەبنى كۆر-مەككە ئارزۇمەند ئىدى. ئۇلۇغ - ئۇششاق ئەھلى جامائەت ئالدىغا چىقىپ مەشرەبكە مۇلاقات بول-دى. مەشرەب ئىلتىپات نەزىرى بىلەن بېقىپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

كۆرسەت يۈزۈڭ ئۆلۈرمەن، تەندە تاقەت قالمادى،
مېھرىبانىم قايداسەن، جاندە راھەت قالمىدى،
بەلا ياغدى باشىمغە، ئەلدە ئافەت قالمادى،
چەكتىم جەفانى ئەكنۇن، مەندە ھالەت قالمادى،
كەزدىم شەھرۇ بەيابان، دىلدە ھەسرەت قالمادى.

ئاشىق بولدۇم يۈزۈڭگە، كۆرمەي ئۆلسەم نېتەرمەن،
بايەزىددەك ئۆزۈمنى كۆندە يۈزمىڭ ساتارمەن،
مۇنكىر، نەكىر كىرگەندە لەھەد ئىچرە ياتارمەن،
ھەرنە قىلساڭ، ئەي زاھىد، جامى مەيدىن تاتارمەن،
بەرباد بەردىم مەي ئىچىپ، قولدە تائەت قالمادى.

ئاشىق بولساڭ شۇنداغ بول، ئالەم كۇفرىڭ بىتسۇنلەر،
رەسۋا بولغىل ئەل ئىچرە، نامىڭ ئالىپ كەتسۇنلەر،
يەكسان بولغىل ئالەمدە، مىڭ - مىڭ كېسەك ئاتسۇنلەر،
تۇفراغ بولغىل يول ئۈزرە، سەنى باسىپ ئۆتسۇنلەر،
كافىرلىغدىن ئۆزگە ھېچ مەندە ئادەت قالمادى.

كافىر بولساڭ ئىشققە بول، ئەھلى دۇنيا بولماغىل،
زاھىد سىفەت دۇنيا دەپ، ھەرگىز مۇردار ئولماغىل،
ئەدھەم سىفەت دۇنيانى ھېچ كۆزۈڭگە ئىلماغىل،
مەجنۇن سىفەت بىھوش بول، ھېچ ئۆزۈڭگە كەلمەغىل،
قولۇم ئالىڭ، ياپىرىم، مەندە غەيرەت قالمادى.

روزى ئەزەل كۆي دېدى، كۆيدۇم، ياندىم، كۈل بولدۇم،
يولدە ياتقان خار ئېردىم، نەزەر تاپتىم گۈل بولدۇم،
جامى شەراب ئىزلەدىم، بىھەمدىللاھ، مۇل بولدۇم،
بىر ئېگەسىز ئىت ئېردىم، ئېگەم تاپىپ قۇل بولدۇم،
ئۆتتۇم مەقام ھەيرەتدىن مەندە ھەيرەت قالمادى.

تۇتتۇم پىرنى ئېتەكنى، ئاخىر يولغە باشلادى،
يولدا قالغان گۇمراھنى ئافاق خاجەم خۇشلادى،
كىمكى كىردى بۇ يولغە ئۆزلۈكىنى تاشلادى،
يادى بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ئىككى كۆزىن ياشلادى،
تىنماي ئايتاي سەناسىن، خابى غەفلەت قالمادى.

ئىشققە قەدەم قويماساڭ، بىللاھ، مەئشۇق تاپىلماس،
مۇندە رەسۋا بولماساڭ، ئاندە راھەت تاپىلماس،
باغرىڭ كەباب ئولماسە، كۆزدىن ياشىڭ ساچىلماس،
يول ئۈستىدە يول بولماي، نەفسى شەيتان چاپىلماس،
پىرى مۇغان مەي بەردى، دىلدە ھەسرەت قالمادى.

زاھىد سىفەت شەيخلەرىڭ مەسجىد سارى يۈرگۈسى،
قوللارىدە تەسبىھى، رىيا تائەت قۇرغۇسى،
تىلى بىرلە زىكر ئايتىپ ھەمدۇ دۇررىن سورغۇسى،
بىر ـ بىر باسىپ قول سالىپ ھەۋا بىرلە تۇرغۇسى،
ئانىڭ ئۈچۈن، يارانلار، ئەلدە ئىبرەت قالمادى.

رازى بولدۇم قەزاغە، ئاتىم مەشرەب دېدىلەر،
جىسمىم كۆيدى بۇ ئوتغە، خوبلار ئۇشلاپ دېدىلەر،
يولدە قالغان گۇمراھنى پىرىم خۇشلاپ دېدىلەر،
ئاسىي، جافىي قۇل ئېردىم، خاجەم ئۇشلاپ دېدىلەر،
كەچتىم ماۋى مەندىن، مەندە ئىللەت قالمادى.

ئاندىن ئىشان مەشرەب بۇ ھەققانەنى ئوقۇپ شەھەرگە قاراپ يول ئالدى:

ئاھى دىلىمغە زاھىدۇ مەسجىدۇ مۇنبەرىڭ كۆيەر،
پىشى فەرەنجىڭ ئوت ئالىپ، سەفھەئى دەفتەرىڭ كۆيەر.
جەننەت ئىچىدە گۈل يۈزۈڭ كۆرمەسەم، ئاھ تارتارەم،
تۇبى كۆيۇپ، فەنا بولۇپ، چەشمەئى كەۋسەرىڭ كۆيەر.
بادەئى لەئلىڭ ئىزدەسەم، يادى مۇيەسسەر ئەيلەسەم،
بۇ نەفسىمنىڭ تەفتىگە مالىك دەۋزەخىڭ كۆيەر.
بالى تۇلۇئ سەدرىدە غەيرەت شەھپەرىڭ كۆيەر؛
مەن بار يەرنى كۆزلەمە، جىبرەئىللەرىڭ كۆيەر.
مەشرەب زارۇ ناتىۋان، كويىدا لاف ئۇرماغىل،
بول بۇ يولدا با ئەدەب، باشدىن ئاياغ بارىڭ كۆيەر.

ئەلقىسسە، ئىشان مەشرەب شەھەرگە كىردى. ياركەند ھاكىمى ئوردىسىغا باشلاپ، كىمخابتىن كۆرپە سالدى. مەشرەب كېلىپ كۆرپە ـ بىساتلارغا سىيىپ قويدى.

ھاكىم:

ـــ ئەي تەقسىر، بۇ كۆرپە ـ بىساتلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سالغانىدۇق. بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ ـــ دېدى. مەشرەب سورىدىكى:

ـــ ئەي ئەمىر، ئۆزلىرى نېمىدىن پەيدا بولغان؟

ھاكىم ئېيتتى:

ـــ تۇپراقتىن پەيدا بولغان.

ـــ ئانداق بولسا، ـــ دېدى مەشرەب، ـــ ھېچكىم تۇپراققا ـــ ئۆز ۋۇجۇدىغا سىيمەسلەر.

مەشرەب ئورنىدىن تۇرۇپ، ساتارىنى قولىغا ئېلىپ، يەنە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

دۇنياغا كېلىپ لايىغە بىلمەي پاتە قالدىم،
دەرمان يوقىدىن نەچچە ئاغىز سۆ يۇتە قالدىم.
كۆردۈمكى ئانى دۇشمەنى ھەم ئۈچ تەن ئىكەندۇك،
يا ئوقى بىلە ئىككى كۆزىگە ئاتە قالدىم.
مەيخانەگە كىردىم بىلە قالدىم كۆيەرىمنى،
مەسجىدكە كىرىپ زاھىدۇ شەيخدەك قاتە قالدىم.
ئەي زاھىدۇ شەيخ، ماڭا كېرەكمەسدۇر نەمازىڭ،
مىڭ تەقۋىينى بىر كاسە مەيگە ساتە قالدىم.
ۋەھدەت سۈيىنى پىرى مۇغان ئىلكىدىن ئىچتىم،
مەنسۇر بولۇپ باشىمنى دارغە تۇتە قالدىم.
تا تەلبەلىكىم شۇھرەتى ئالەمنى تۇتۇپدۇر،
بىر جىلۋە بىلە ئىككى جەھاندىن ئۆتە قالدىم.

ئەيىب ئەيلەمەڭىز مەشرەبى بىخۇدنى، يارانلار،
نەيلەيكى، بۇ ئىبرەت كوچەسىدىن ئۆتە قالدىم.

* * *

ناگەھ كۆرۈبان مەھۋ جەمالىڭ بولە قالدىم،
ئايدەك يۈزىگە باقتىمۇ ھەيران بولە قالدىم.
ئوتدەك تۇتاشىپ كۆيدى بۇ يۈرەكىم بىلە جانىم،
پەرۋانە بولۇپ ئوتغە ئۆزۈمنى ئۇرە قالدىم.
يۈز غەمزە بىلە چىقتى سەنەم مەيكەدەسىدىن،
بەرباد ئۇرۇبان دىن ئىلە دۇنيا ساتە قالدىم.
كۆردۈمكى ئەجەب ئىشۋەگەرۇ دىلبەرى تەنناز،
دىۋانە بولۇپ ئىشقىدە ئوتدەك يانە قالدىم.
دىلدار جەمالىنى كۆرۈپ ئىشق يولىدە،
گۇل ـ گۇل يانىبان مەھۋى تەماشا بولە قالدىم.
مەشرەب باشىغە سالمە ئۇشۇل كۈن غەمى دىلدار،
شەيدايى بولۇپ ئانى ھوشۇمدىن قالە قالدىم.

بۇ غەزەلنى ئىشىتىپ تامام ياركەند خەلقىنىڭ مەشرەبكە بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسى زىيادە بولدى. مەشرەب زاھىر كۆزلىرىنى يۇمۇپ، باتىن كۆزلىرىنى ئېچىپ كۆردىكى، ھەممە خەلق ئۆزىگە ئەقىدە قىپتۇ.

مەشرەب: «ئەي خالايىق، سىزلەرنىڭ ئىخلاسىڭلاردىن مېنىڭ سۈيدۈكۈم ياخشى» دەپ پەشلىرىنى كۆتۈرۈپ، چۆرۈلۈپ يۈرۈپ سىيدىلەر. تامام خەلق: «ۋاي دەرىغ، شۇنداق بەڭگى قەلەندەرگىمۇ ئەقىدە ـ ئىخلاس قىلغان بارمۇ؟ !» دېيىشىپ، ھەممىسىنىڭ ئىخلاسى ياندى. مەشرەب ئۆز ـ ئۆزىگە: «بىر سىيمەك بىلەن تامام خەلقنىڭ ئىخلاسىنى ياندۇردۇڭ» دەپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇ: «ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھ ۋەجھەھۇنىڭ نەۋرىسى ھەزرەتى ئىمام جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خوتەن ۋىلايىتىدە يېتىپتۇ. شۇ ھەزرەتنى زىيارەت قىلاي» دەپ ئىرادە قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

فەقىر ئىزدەگەن ئول دەۋلەتى شاھانەنى كۆردى،
تەرك ئەتتى بۇ ئالەمنى، ئول يانەنى كۆردى.
خۇدبىن سەدەف شاھىم ئەفسانەنى كۆردى،
سەرراف مەئانى دۇردانەنى كۆردى،
ئول دۇرلار ئارا گەۋھەرى يەكدانەنى كۆردى.

مەردانە بارۇر ھەر تەرىق، بارغالى يولدۇر،
مەردانەۋۇ راز ئىلە قۇلۇڭ ئالغالى قولدۇر،
دەرۋىش نەدەپ ئالەمى فانى بىلە كۆلدۇر،
نەمرۇد ئوتىغە كىرەرى خەلىل بائىسى ئولدۇر،
ناگاھ كېچە ئول غەيرەتى پەرۋانەنى كۆردى.

كۆردىلەر ئانى ھەر تەرەف ئەنۋارنى كۆرگەي،
جان كۆزگۈسىدە جىلۋەئى دىدارنى كۆرگەي،
مەقسۇدى ئانىڭ كۈنجىدە دىۋارنى كۆرگەي،
ھاجى دەر ئىمىش: مەست نېچۈك يارنى كۆرگەي،
مەي مەن ـ ئۆي ئىگەسى بىلەكى، ئول خانەنى كۆردى.

سەھلىدۇر ئەگەر بىلسە كىشى ئىلمى نۇجۇمى،
ئەللام ئىمىش زاھىرىدە بىلسە ئۆلۈمى،
تەھسىل ئەگەر تاپماسە بىر زەررە سۇمۇمى،
يەئنىكى شىناسان ئىدىلەر مەۋلەۋىي رۇمى،
سۇلتانى تەرىقەت شەھى مەردانەنى كۆردى.

مەشھۇردۇرۇر نەقل مۇھەممەد ئەرەبىدىن،
ھەركىمگە دۇرۇر راست تاپار ئول مالىدىن،
كۆپ لۇتف بىلە راستلىغىنىڭ سەبەبىدىن،
تۆكمىشدۇر ئەگەر دەر ھەقىقەتنى لەبىدىن،
مەسجىد ئىچىدە راھەتى ئەھبابەنى كۆردى.

رەسۋايى جەھان قىلدى مەنى بىر قەددى ـ قامەت،
رەفتارى ئانىڭ جۇش بارۇر بادى قىيامەت،
تەئن ئەتمە مەنىڭ جۇنۇنۇمغە ئەھلى سەلامەت،
مەنسۇرنى دار ئۆزرە قۇيۇپ قىلمە مەلامەت،
جان بەرمەسىدىن ئىلگىرى جانانەنى كۆردى.

تاكى بۇ كۆڭۈل لەۋھىدەدۇر قىلۇ قالى،
ئۆمرىدا كى يالغۇز ئەمەس، ئول مەشرەبى پىرى،

ئايدىكى مۇخەممەس بىلە ھەمخانەنى كۆردى.

ئەلقىسسە، مەشرەب بۇ مۇخەممەسنى تامام قىلىش بىلەن ئۆزىنى خوتەن دىيارىدا كۆردى:

تەماشا ئەيلەمەككە گۇشەئى بۇ ئەنجۇمەن كەلدىم،
خۇرۇشى بۇلبۇلى شۇرىدەدەك سۇيى چەمەن كەلدىم.
ئەگەر يەئقۇبدەك قان يىغلاسام ئەيب ئەيلەمەڭ زىنھار،
فىراقى يۇسۇفىم دەردىن چېكىپ بەيتۇل ـ ھەزەن كەلدىم.
شەھىدانى خوتەننى تەۋۋف ئېتەرمەن، ئەي مۇسۇلمانلار،
چۆلالە دا مەن سەھرا تۇتۇپ دەشتى خوتەن كەلدىم.
بەھارى باغى مەئنىنى ماڭا كۆرسەتتى بولغايمۇ،
خەرابى قىرمىزى بۇ شانۇ گۇلبۇن پىرەھەن كەلدىم.
قەدەھ مەنسۇر ئاتىغە تولدۇرۇپ كەلتۇركى، ئەي ساقى،
تەنىم دارۇ يۈرەك ھەم ئۇستىخانىم ھەم رەسەن كەلدىم.

* * *

مەنى ئېردىم بۇلبۇل گويا فىغان بىرلە چەمەن كەلدىم،
يۈرەكدە دەردۇ داغى گۇلئۇزارى ياسۇمەن كەلدىم.
مەنى ئاشۇفتە كۆڭلۇم غۇنچەدەك ھەرگىز ئاچىلمايدۇر،
يۈرەكدىن غەم كېتەردەپ، بۇ سەبەبدىن مەن خوتەن كەلدىم.
پەيەمبەر ئۇممەتىمىز، چەھاريارنى دوستىدارىمىز،
زىيارەت ئەيلەمەككە بۇ ئاھۇيى خوتەن كەلدىم.
بۇ مەشرەب سۆزىنى دۇردانەئى قىيمەت بەھادەرلەر،
جەمىئى خەلق ئارا سۆز بابىدە ساھىبى سۇخەن كەلدىم.

كۆردىكى، ئېرىق ـ ئېرىقلاردا سۇ ئېقىپ تۇرۇپتۇ. مەشرەب كەلگىنىچە ئالدىغا ــ مۇلاقىتىگە كەلگەن ئاخۇنلارغا قارىتىپ تۇرۇپ سوغا سىيدى. موللىلار دېيىشتىكى:

ــ ئەي ئاخۇنلىرىم، مۇشۇنداق بەڭگى قەلەندەرگە ئىخلاس قىلامدۇق؟ ! ئۇ شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلدى. ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەك ياكى كۆيدۈرمەك كېرەك !

ئاخۇنلار:

ــ تۇتۇڭلار بۇ قەلەندەرنى، ئۆلتۈرەيلى ! ــ دېدى. ئىشان مەشرەب:

ــ ئەي ئاخۇنلىرىم، سىزلەر سىيىپ بولۇپ، زەكەر ياكى مەقئەتلىرىڭلارنى چالما بىلەن يەنى ئۆز جىسمىڭلار بىلەن ئېيتۇرسىزلەر. مەن بولسام، سۇنى سوغا قوشتۇم، ئوغلى دادىسىنى تاپتى. ھېچ گەپ يوق، ــ دېدى.

* * *

ئىشان مەشرەب پەشتاقتا چىقىپ ئولتۇردى. ئاخۇنۇم پەشتاق ئاستىدا شاگىرتلىرىغا دەرس بېرىۋاتاتتى. ئۇ شاگىرتلىرىغا: «قەلەندەر بولسا، شۇنداق بولسا. ئەجەب ئاتەش نەپەس قەلەندەر ئىكەن» دەپ تۇرۇشىغا، مەشرەب پەشتاق ئۈستىدىن ئاخۇنىنىڭ بېشىغا سىيدى. ئاخۇن شاگىرتلىرىغا:

ــ بۇ نېمە ۋەقە؟ چىقىپ قاراپ بېقىڭلار؟ ــ دېدى.

شاگىرتلىرى چىقىپ كۆردىكى، ئىشان مەشرەب پەشتاق ئۈستىدە سىيىپ تۇرۇپتۇ. شاگىرتلىرى كىرىپ:

ــ ئەي ئاخۇنۇم، ھېلىقى قەلەندەر سىيىپتۇ ! ــ دېدى. ئاخۇنۇم شاگىرتلىرىغا:

ــ تۇتۇڭلار ! بۇ بەڭگى قەلەندەرنى ئۆلتۈرمەك كېرەك، ــ دېدى. شاگىرتلىرى چىقىپ ئىشان مەشرەبنى تۇتۇپ، ئاخۇنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. ئاخۇن:

ــ ئەي بەڭگى قەلەندەر، ماڭا نېمىدەپ ھاقارەت قىلىسەن؟ ! ئەھلى ئىلىمگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلەرنىڭ قىيامەتتە تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىستىن بىخەۋەرمۇسەن !؟ ــ دېدى. ئىشان مەشرەب:

ــ ئەلبەتتە خەۋىرىم بار. ئەي ئاخۇنۇم، ئۆزلىرى ئەلگە دەرس ئۆگەتكەندە، «سۇ يەتتە يۇمۇلانسا ھالال» دېگەنىدىلە. مېنىڭ سۈيدۈكۈم پەشتاقتىن بويۇنلىرىغا چۈشكۈچە ئون يەتتە مەرتىۋە يۇمىلانسا ئەجەب ئەمەس. ئۇ قانداقسىگە ھارام بولغاي !؟ ــ دەپ، ئاخۇندىن ئۆزرە سوراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يارنىڭ كويىدا ئۆلگەن بارمىكىن؟
بىر ئۆلۈپ ئىككى تىرىلگەن بارمىكىن؟
ۋەسلىنى ئىزدەپ جەھاندا، چەرخ ئۇرۇپ،
تەلمۈرۈپ يوللاردا قالغان بارمىكىن؟
قەتل قىلماقغە يەنە كىم تەڭلەنىپ،
يالبارىپ بويىننى سۇنغان بارمىكىن؟
شاھبازى لامەكان ـــ سۇلتانى ئىشق،
تەبل ئۇرۇپ دالبايغە قونغان بارمىكىن؟
ئول مەجازىي شاھلار تەبلىن قاقىپ،
سەلتەنەت تەختىگە مىنگەن بارمىكىن؟
نەچچە يىل ئافاق خاجەم خىزمەتىدە،
بۇ خوتەن دەشتىنى كەزگەن بارمىكىن؟
مەن كەبى رەسۋايى تەرسالار بولۇپ،
بويىنغە زۇننار ئاسقان بارمىكىن؟
ئول قىيامەت مەھشەرىدە داد ئېتىپ،
ئاھ ئۇرۇپ مەھشەرنى بۇزغان بارمىكىن؟
داد ئېتەر مەشراب خۇدانىڭ يولىدا،
ئول زەمان دادىغە يەتكەن بارمىكىن؟

ئاخۇن بۇ بېيىتلارنى ئىشىتىپ ئۆزرە ئېيتىپ:

— تەقسىر، سىزنى كۆرمەككە ئارزۇمەند ئىدىم. كۆزۈم قارىغۇ ئىكەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىشان مەشرەب ساما سېلىپ:

— ئاخۇنۇم، مەن سىزگە دۇئا قىلاي. سىزنىڭ پۈشتى كەمەرىڭىزدىن بولغان پەرزەنتلىرىڭىزگە خۇدايىتائالا ئىلىم ئاتا قىلغاي، چىرىغىڭىز ئۆچمىگەي، ئاللاھۇئەكبەر! — دەپ ئىلچەنىڭ سەھراسىغا راۋان بولدى.

ئىشان مەشرەب كۆردىلەركى، بىر دېھقان قوش ھەيدەپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاندىن ـ مۇندىن تېرىپ غەزەل قىلىپ ئوقۇپ يۈرۈپتۇ. ئىشان مەشرەب بېرىپ، ئۇ دېھقاننىڭ تۈزلەپ قويغان يېرىنى قوللىرى بىلەن تاتىلاپ بۇزۇشقا باشلىدى. دېھقان بۇنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— ئەي بەڭگى قەلەندەر، مېنىڭ ئىمارىتىمنى نېمىدەپ بۇزىسەن؟

ئىشان مەشرەب ئېيتتىكى:

— سەن مېنىڭ ئىمارىتىمنى نېمىدەپ بۇزىسەن؟

دېھقان ئېيتتىكى:

— مەن سېنىڭ قايسى ئىمارىتىڭنى بۇزدۇم؟

ئىشان مەشرەب:

— سەن ئوقۇغان غەزەل مېنىڭ سۆزۈم، — دېدى ۋە «مەندىن كېيىن قالسا، سۆزلىرىم خار بولغۇدەك» دەپ كىتابلىرىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى، ئاندىن چىرىغا يول ئالدى. ئۇ مەشرەب چىرىغا بارغۇچە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

چۈن ئاھۇ سىفەت دەشتى خوتەننى سەفەر ئەتتىم،
كۆز قانى سىرىشكىم بىلە شەھدى شەكەر ئەتتىم،
بەس، خىزمەتى ئول شاھى سەنەۋبەر قەمەر ئەتتىم،
تا ئالەم زاھىرغە كېلىپ مەن گۇزەر ئەتتىم،
تەرك ئەيلەدىمۇ جۇملەنى قەتئىينەزەر ئەتتىم.

يەتكۈزسەم ئۆزۈنگغا بەشر تەي نەچە ياتىماي،
ئول ناۋەكى مىژگانى بىلە بىرگىنە ئاتماي،
مەھشەر كۈنى ئول ئىشكى مەيخانەنى ياپماي،
ئەھۋالى كۆڭۈل سورغالى بىر مەھرەمى تاپماي،
زۇلمۇڭنى قارىنداشۇ، غەمىڭنى پەدەر ئەتتىم.

ئول قىسمەتى روزى ئەزەلىم قىلدىلار ھەمخىش،
باغرىمنىكى بىريان ئېتىبان قىلدىكى يۈز نىش،
ئول شوخ جەفاپىشەئى سەرمايەئى دىلرىش،
بىر مەرتەبەدە تۇرماس ئىمىش شاھۇ دەرۋىش،
بەس، خىرقەنى كىيدىمۇ ئۆزۈم دەربەدەر ئەتتىم.

مەن شانە بولۇپ زۇلفىنى ھەردەمكى تاراي دەپ،
ھەر شامۇ سەھەر تۇرسام يولىن قاراي دەپ،
بىر خىزمەت ئېيتىپ، ھەرنە قىلىپ دوستغە ياراي دەپ،
دۈشمەنگە دۇچار بولغالى بىر ھەربى ئالاي دەپ،
دوستۇم قولىنى ئالدىم، تىغى تەبەر ئەتتىم.

سەھرايى قىيامەتنى كېزىپ يارغە يېتەي دەپ،
ئالدىم قولىدىن تىرى كەماننى ئاتاي دەپ.

دوستۇم ئېيتەكىن تۈتتۇم مەن بىللە كېتەي دەپ،
ئۇل قۇش چۇلاق سايىدا مەن پەرۋاز ئېتەي دەپ،
گۈل قىنچەلەرىن بەلگە تاقىپ بالۇپەر ئەتتىم.

بەرمەس ماڭا سۇد، ئەمدى نېتەي، كۆپدۇر مەلامەت،
ئۇل روزى ئەزەلدە قىلىبان تۇرفە مەلامەت،
ئاخىر دەمىدە ساقلاسە ئىمانىنى سەلامەت،
ئىپتارى كەباب ئەيلەڭىز، ئەي ئەھلى قەنائەت،
خۇن ـ جىگەرىم جەمئ قىلىپ، مەھازىر ئەتتىم.

نەقشى فەلەكى نەئرە ئۇرۇپ، قىلدىم غوۋغا،
ئۇل سىرۇ سەنەۋبەرنى كۆرۈپ ئەتتىم دەئۋا،
بازارى جۇنۇن ھالەتىدە بولدۇم شەيدا،
ئاشىق رەۋا ئېرمەس ئىمىش مەنزىلى مەئۋا،
چۇن ئابى رەۋان بولدۇمۇ يەئنى سەفەر ئەتتىم.

ھۇسنۇڭگە ئەگەر زار بولۇپ كەلدى بۇ مەتلەب،
بارسامكى ئىمامنىڭ يولىغە دىن بىلە مەزھەب،
ئۇل جەئفەرى سادىق بىرۇر بىزگە بۇ مەنسەب،
تەۋق ئەتمەك ئۇچۇن جەئفەرى سادىقنى بۇ مەشرەب،
ياشمىنى خوتەن دەشتى ئارا پۇر گۆھەر ئەتتىم.

ئىشان مەشرەب بۇ مۇخەممەسنى توگىتىپ، ئۆزىنى چىرىدا كۆردى. چىرا ھاكىمىنىڭ قىشىغا كىرىپ كۆردىلەركى، ھاكىم باشلىق ھەممە ئۇلۇغ ـ ئۇششاق شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئىشان مەشرەبنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈردى. ئىشان مەشرەب:

— مەنمۇ ئىچەي، بۇ شارابتىن ماڭىمۇ بېرىڭلار، — دېدى. چىرا ھاكىمى «خوش، ئوبدان!» دەپ توققۇز كوزىدا شاراب كەلتۈرۈپ مەشرەبنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىشان مەشرەب شارابنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولۇپ، كوزىلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويدى، بىر قەترە شارابمۇ يەرگە تاممىدى، ئاندىن چىقىپ كەتتى. خالايىق بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوقۇمۇشلۇق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ:

— مەشرەب بۇ توققۇز كوزىدىكى شارابنى ئىچمىدى. ئەگەر ئىچكەن بولسا ئىدى، ئورنىدىن ئەسلا قوپالماس ئىدى. بۇنىڭدا بىر سىر باردۇر. كىگىز، گىلەملەرنى ئېلىپ قاراپ بېقىڭلار، — دېدى.

خالايىق كىگىز، گىلەملەرنى ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، تامام شاراب يەردە تۇرۇپتۇ. كىگىز، گىلەم ئەسلا ھۆل بولماپتۇ. چىرا ھاكىمى: «بۇ ئەۋلىيا ئىكەن. بىز تونۇماپتۇق!» دەپ ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدى. ئىشان مەشرەب ھەزرىتى ئىمام جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاۋاپ قىلىپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

شۇكرۇلىللاھ غەمگۇزارىم كەلدىيا،
غەمدە قويغان گۈلئۈزارىم كەلدىيا.
جىلۋەسىنى كۆرسەتىپ زاھىردە ئەلگە رەڭبەرەڭ،
بۇ بەدەن دەشتىنى كەزگەن دىلفىگارىم كەلدىيا.
نەچچە كۈن ۋەسلىن سوراپ يۈردۈم خوتەن سەھراسىدا،
جەئفەرى سادىق ئىمام قۇتبى زەمانىم كەلدىيا.
مەشرەبىڭ مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتەر،
داد ئېتىپ يارىنى ئىستەپ كەلدىيا.

* * *

ئەييۇھەس ـ سۇلتانى ئالەم، پادىشاھىم، مەرھەبا،
ھەزرەتى ئاللاھۇ ئەكبەر، كۆنجۈكۈلاھىم، مەرھەبا،
بولماغاي بىچارىلەرنىڭ سەندىن ئۆزگە چارەسى،
مېھرىبان تەڭرىم، ئەگەر پۇشتى فەناھىم، مەرھەبا.
دەيدۇ ئارا چەرخى فەلەك ھالىم خەرابى سورمادى،
مۇشكىل ئېرمىش بۇ تىرىكلىك دادخاھىم، مەرھابا.
بەرقى ھەسرەت ئۆرتەدى مەشرەبنى ھەرسائەت سىرا،
شەمئ سەن، پەرۋانە مەن، ئەي مېھرىبانىم، مەرھابا.

— مەشرەب بۇ بېيىتنى تامام قىلىپ ئىلىغا قاراپ راۋان بولدى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا)



# تەزكىرەئى ئەسهابۇل-كەهف

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: «تەزكىرەئى ئەسهابۇل - كەهف» ناملىق بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىككە ئائىت مۇھىم مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە بۇ تەزكىرىنىڭ ھەرخىل ژانىر ۋە ھەرخىل شەكىلدىكى نۇسخىلىرى خەلقىمىز ئىچىدە خېلى كەڭ تارقالغان. بۇ ئەسەرنىڭ نەسرىي نۇسخىلىرىمۇ بار، نەزمىي نۇسخىلىرىمۇ بار، نەزىم ئارىلاش نەسرىي نۇسخىلىرىمۇ بار؛ يازما نۇسخىلىرىمۇ، ئاغزاكىي ھالەتتە تارقالغان نۇسخىلىرىمۇ خېلى كۆپ.

«ئەسهابۇل - كەهف» (غار ئىگىلىرى) قىسسىسى ئىسلامىيەتتىن خېلى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى تارقالغان بولۇپ، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق كىتابلارغىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئەسهابۇل - كەھفنىڭ ۋەقەلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ 18 - سۈرىسىدىمۇ زىكىر قىلىنغان. بۇ سۈرە مەككىدە نازىل بولغان بولۇپ، سۈرىنىڭ ئىسمىمۇ «سۈرە كەهف» دەپ ئاتالغان؛ بۇ سۈرە جەمئىي 110 ئايەتتىن تەركىپ تاپقان. ئەسهابۇل - كەھفنىڭ ھېكايىلىرى ئەنە شۇ مەنبەلەر ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز بېيىتىلىپ، رىۋايەمىزدىمۇ خېلى كەڭ تۈردە تارقالغان. بۇ قىسسە بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە خېلى چوڭقۇر مەنىۋى يىلتىزغا ۋە خېلىلا كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە.

«تەزكىرەئى ئەسهابۇل - كەهف»نىڭ بۇ قولىيازمىسى ھىجرىيە 1367 (مىلادىيىنىڭ 1948) - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تۇرپاننىڭ تۇيۇقتا ھەمدۇللاھ قارىھاجى ئاخۇنۇمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى فىدائىمۇھەممەد مەخدۇمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن رەجەب ئىبنى ھافىز موللا ناملىق كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. بۇ قولىيازما 32.6 × 21.4 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى خاتىرە دەپتەرگە يېزىلغان، دەپتەرنىڭ خەت يېزىلغان ئورنى 30 × 18 سانتىمېتىر. بۇ دەپتەر جەمئىي 54 بەت بولۇپ، 49 بېتىگە بۇ تەزكىرە مەتنى كۆچۈرۈلگەن. بۇ تەزكىرە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: باش قىسمى نەسرىي شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئەھمەد قۇسۇرى ناملىق شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بىر پارچە مۇخەممەس ئىلاۋە قىلىنغان. بۇ مۇخەممەس جەمئىي 21 كۇپلېت بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتنىڭ ئۈچىنچى مىسراسىدا ئاپتورنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى «بۇدۇر ئەھمەد قۇسۇرى ھاجەتى، ئەي ئارىفاتى ھەق» دېگەن سۆزلەر بىلەن قەيت قىلىنغان. بۇ بەلكىم «رەۋزۇتۇز - زەھرا» (گۈلزارلىق باغ) ناملىق داستاننىڭ ئاپتورى خوجامنىياز ئوغلى ئەھمەد قۇسۇرى بولۇشى مۇمكىن. ئەھمەد قۇسۇرى مىلادىيە 1717 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن يېزىسى بازار مەدرىسە ئالدى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى خوجامنىياز ئاخۇن بىلىملىك تېۋىپ كىشى ئىكەن. قۇسۇرىنىڭ مىلادىيە 1802 - يىلى يازغان

«رەۋزەتۇز ـ زەھرا» ناملىق داستانى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قوسۇرى 110 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، مىلادىيە 1827 ـ يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەستى تۇيۇققا دەپنە قىلىنغان بولۇپ، قەبرىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ تەزكىرە ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان مۇخەممەس قوسۇرى قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن بىللە، يەنە بۇ نەسرىي تەزكىرىنىمۇ قوسۇرى يېزىپ چىققانمۇ ـ يوق، بۇنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تەزكىرىنىڭ كېيىنكى قىسمى نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، قىسمەن نەسرىي جۈملىلەر ئارىلاشقان. نەزمىي قىسىمدا باشتىكى نەسرىي قىسىمدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر قايتىدىن شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، يەنە بىرمۇنچە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغان. مەسىلەن، تۇيۇق، لۈكچۈنگە ئالاقىدار مەزمۇنلار ۋە بۇ يەرگە ئالاقىدار بىر مۇنچە تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، تەرىپ ـ تۆسۈپلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر:

«زەمانە جەۋرىدىن دىلخەستە ئىمىن،
رەسا ئېردىكى تەرتىب، سۆزلەرى چىن»

دېگەن مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇنىڭدىن بۇ نەزمىي تەزكىرىنىڭ ئىمىن ئىسىملىك شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىمىن ئىسىملىك شائىرلاردىن بىر قانچىسى ئۆتكەن. بۇ شائىر شۇلاردىن بىرىمۇ ياكى يېڭىدىن بايقالغان باشقا بىر شائىرمۇ؟ بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«ئەسھابۇل ـ كەھف تەزكىرىسى»نىڭ بۇ نۇسخىسى مەيلى نەسرىي قىسمى بولسۇن ياكى نەزمىي قىسمى بولسۇن بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە پىشقان، مۇكەممەل ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر مەيلى قۇرۇلما جەھەتتىن بولسۇن، تىل ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىي يۇكسەكلىككە يەتكەن مىراسلاردىن بىرىدۇر.

بۇ ئەسەردە مۇستەبىتلىك، ھاكىممۇتلەقلىق، چېقىمچىلىق، ھارامخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، زالىملىق قاتارلىقلارغا لەنەت ئوقۇلغان. تەپەككۇر ئەركىنلىكى، جىسمانىي جەھەتتىكى ھۆرلۈك، جاسارەت، باتۇرلۇق، چىدام ـ تاقەت، قەتئىي ئىرادە، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق مەدھىيىلەنگەن.

بۇ ئەسەر ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە ئۆرنەك قىلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەدەنىي مىراس. ئەمما، ئۇنىڭدا كونا جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغان بەزى ئىدىيىۋى چەكلىمىلىكلەرمۇ ساقلانغان. بۇنداق تەرەپلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئەسەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تارىخ تەتقىقاتىدىكى قىممىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى. لېكىن، ئۇنىڭدىكى ئىدىيەۋى چەكلىمىلىكلەرگە قارىتا، شاكىلىنى قويۇپ تۇرۇپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەسەردىن ھەركىم ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا جاۋاھىرلارغا ئېرىشەلەيدۇ.

*    *

بىسمىللاھىر-رەھمانىر-رەھىم

خۇداۋەندى بالاۋۇ پەستىتۇئى،
چەگۇيەم ھەمە ...① ھەستى تۇئى.

---

① قولىيازمىدا بۇ ئورۇندا بىر سۆز كۆچۈرۈلمەي قالغان.

هەزاران دۇرۇدۇ هەزاران سەلام،
زىمابەرمۇھەممەد ئەلەيھىسسەلام.

(ئەي تەڭرىم، ئاسمان ۋە يەردىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىلاھىسەن، ھەممە سېنىڭ ئىلتىپاتىڭدۇر. بىزدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىڭلاپ دۇئا ۋە مىڭلاپ سالاملار بولسۇن.)

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ تۆھپىلىرىدىن ياخشىلىق قىلغاي — ھەزرىتى مۇھەممەد — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار ئەۋەتكەي — ئەلەيھىسسالامدىن: «ئەي مۇھەممەد ئەلايھىسسالام، ئەسھابۇل - كەھف نەچچە كىشىدۇر ۋە قايسى تائىپىدىندۇر؟ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلايھىسسالام جاۋاب بېرىپ: «ئەسھابۇل - كەھف يەتتە كىشىدۇر، سەككىزىنچىسى ئىتتۇر.» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئەسھابۇل - كەھفنى يەتتە كىشى بولۇپ، سەككىزىنچىسى سەگ (ئىت) دەپ قارايدۇ. ئۇلاردىن بىرىنچىسىنىڭ ئېتى: يەملىخا، ئىككىنچىسى: يەملىنا، ئۈچىنچىسى: مەشلىنا، تۆتىنچىسى: مەرنۇش، بەشىنچىسى: زەبەرنۇش، ئالتىنچىسى: شازىنۇش، يەتتىنچىسى: كەشفۇتەتيۇش؛ ئىتىنىڭ ئېتى: قەتمىر ئىدى. پادىشاھنىڭ ئېتى: دەقيانۇس، شەھىرىنىڭ ئېتى: ئەپسۇس دەيدۇ.

ئۇستاز مۇستەفا ئەر - رۇمى — تەڭرى تەئالا ئۇ زاتنىڭ بەرىكەتلىرى سايىسىنى بېشىمىزدا ئۇزاققىچە داۋام ئەتتۇرسۇن — مۇ ئاشۇنداق دەپ بايان قىلىپتۇر. ئۇلارنىڭ قىسسىسى مۇنداق:

بەنى ئىسرائىل قەۋمىدە دەقيانۇس ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى، پارس شەھىرىدە پادىچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قويىنى باقاتتى؛ چىرايلىق، كېلىشكەن، خۇشخۇي، شېرىن سۆز كىشى ئىدى؛ ھەر بىر سۆزتى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن راۋان ئېيتاتتى. ھەركۈنى قويلارنى سەھراغا ئېلىپ بېرىپ، ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ، تەڭرى تەئالانىڭ بەندىچىلىكىگە مەشغۇل بولاتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ قويلىرىدىن بىرى ئايرىلىپ قاچتى. دەقيانۇس نامازنى ئادا قىلىپ بولۇپ، تېزلىكتە ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى. قارىسا ئۇ قوينىڭ تېنىنىڭ يېرىمى بىر تۆشۈككە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قوينى ئۇ تۆشۈكتىن چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن ئۇ تۆشۈككە قارىغانىدى. بىر يورۇقلۇقنى كۆردى. ئۇ يورۇقلۇق تۆشۈك ئىچىدە يالتىراپ تۇراتتى. ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ ئۇ يەردىن بىر ئالتۇن لەۋھەنى تېپىۋالدى. ئۇ لەۋھەگە تۆت قۇر خەت پۈتۈلگەنىدى. لەۋھەنى تۆشۈكتىن چىقىرىۋالغاندىن كېيىن، ھەرقانچە مۇلاھىزە قىلىپ باققان بولسىمۇ خېتىنى ئوقۇيالمىدى.

كۈن غەرب تەرەپكە يېقىنلاشتى، شۇڭا، ئۇ لەۋھەنى شەرەپكە ئېلىپ كىردى، ئۇنى ھەركىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى، ھېچ كىشى ئوقۇيالمىدى. بىر كىشى دەقيانۇسقا:

— بۇ لەۋھەنى مىسىرغا ئېلىپ بارغىن، مىسىردا ئۆمرى ئۈچ يۈز يىلغا يەتكەن بىر كىشى بار. ئىبرانى، يۇنان تىلىنى بىلىدۇ. شۇ كىشى ئوقار، — دېدى.

دەقيانۇس ھەممە قويلىرىنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، مىسىرغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئاخىر مىسىرغا يەتتى ۋە ئاشۇ ياشانغان كىشىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئىچكىرىدىن ئۇ كىشىنىڭ خىزمەتكارلىرى چىقىپ:

— سەن كىم؟ نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

— خوجايىنىڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچىمەن، — دېدى دەقيانۇس.

خىزمەتكار دەقىيانۇسنى ئۇ مويسىپىت بوۋاينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. دەقىيانۇس ئەكەلگەن لەۋھەنى بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدى. بوۋاي لەۋھەنى كۆرۈپ دەرھال ياغلىق بىلەن قېشىنى يۇقىرى قىلىپ تاڭدى. ئاندىن لەۋھەنى ئېلىپ ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن خەتنى ئوقۇدى ــ دە، دەقىيانۇسنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەيران قالدى. دەقىيانۇس غەمكىن بولغان ھالدا:

ــ ئەي شەيخ، نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنداق ئىتتىك قارايسەن؟ مېنى يامان ئادەم دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغۇنكى، ــ دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا، بۇ لەۋھە سېنىڭ قولۇڭغا خاتا چۈشۈپ قاپتۇ. سەن ئاقىۋەتتە دوزاخقا كىرىدىكەنسەن، سېنىڭ بۇ چىرايلىق يۈزۈڭگە قاراپ ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

دەقىيانۇس ئۇ بوۋايدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

ــ ئەي شەيخ، مەن تەڭرى تەئالاغا ئىبادەت قىلىۋاتقىلى ئوتتۇز يىل بولدى. شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، مەن تەڭرى تەئالاغا ئاسىيلىق قىلمىسام، تەڭرى تەئالانى يەككە ـ يېگانە دەپ تونۇۋاتسام، نېمە ئۈچۈن دوزاخقا كىرىمەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئەگەر سەن تەڭرى تەئالاغا ئۈچ يۈز يىل ئىبادەت قىلغان بولساڭمۇ، ــ دېدى ئۇ بوۋاي دەقىيانۇسقا، ــ ئاخىرقى ئۆمرۈڭدە ھەممىنى بىكار قىلىسەن، سېنىڭ ئورنۇڭ شەكسىزكى دوزاختۇر.

دەقىيانۇس بوۋايدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، سوغۇق ئاھ ئۇردى:

ــ كاشكى، بۇ لەۋھەنى تاپمىغان بولسامچۇ، تاپقان تەقدىرىمدىمۇ ئالدىڭغا ئېلىپ كەلمىسەم بولغىنىكەن. شۇنداق بولغاندا سەندىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتمىگەن بولاتتىم، ــ دېدى.

ــ بۇ لەۋھەنى ئالدىمغا ئېلىپ كەلمەسلىكىڭگە چارەڭ يوق. چۈنكى، تەڭرى تەئالانىڭ ھۆكمى مۇشۇنداق، ــ دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا، ــ ئەمدى شۇنىمۇ بىلىۋالغىن، سەن بۇ لەۋھەنى تېپىۋالغان تۆشۈك بار جايدا شۇقەدەر كۆپ مال ـ دۇنيا باركى، ئۇنىڭ ھېسابىنى بىر خۇدايى تەئالادىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئۇ مال سېنىڭ نېسىۋەڭدۇر.

دەقىيانۇس بوۋايدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن، خۇشال بولۇپ:

ــ ئەي شەيخ، سەن مېنىڭ بىلەن بارساڭ، بەكمۇ ئوبدان بولاتتى. ماڭا ئۇ مالنى تېپىشقا يول كۆرسەتسەڭ، سەن ئېيتقان سۆز ئەگەر راست بولۇپ، بۇ مال ـ مۈلۈكلەر مېنىڭ قولۇمغا چۈشسە، تەڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن، ــ دېدى.

ــ ئەي دەقىيانۇس، ــ دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا، ــ ئەگەر ئۇ مال سېنىڭ قولۇڭغا چۈشسە، ھېچ كىشىگە بىرەر نەرسە بەرمەيسەن، شۇنىڭدىن قورقىمەنكى، مېنىمۇ ئۆلتۈرىسەن.

دەقىيانۇس:

ــ بۇ مال ـ جاۋاھىراتلار ئەگەر مېنىڭ قولۇمغا كەلسە، تەڭرىگە، پەيغەمبەرلەرگە ۋە پەرىشتىلەرگە قەسەم قىلىمەنكى، مەن ساڭا ھېچ يامانلىق قىلمايمەن، ئازار بەرمەيمەن. مال ـ جاۋاھىراتلاردىن ھەرقانداق نەرسە بولسا، يېرىمىنى ساڭا بېرىمەن، ــ دەپ تولىدىن ـ تولا كۆچەپ ۋەدىلەر قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي: «بەلگىلەنگەن تەقدىرنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەمەگەرلىك تەسىر قىلدى. بىچارە ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا ياخشى ـ يامان ھەرقانداق ئىش كەلسە، تەمەدىن كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ بوۋاي دەقىيانۇس بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى. بىر مەزگىل يول

يۈرگەندىن كېيىن، پارس ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ يەردىكى تۆشۈك بار تاغقا يېتىپ كەلدى. دەقيانۇس بوۋايغا قاراپ:

— مەن بۇ لەۋھەنى مۇشۇ تۆشۈكتىن ئالغان، — دېدى. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— بۇ يەرنى ئون گەز كولىغىن، — دېدى.

دەقيانۇس ئۇ تاغنىڭ يېرىقىغا كىرىپ كولاشقا باشلىدى. ئون گەز كولىغاندى، ئۇ يەردە بىر ئىشىك پەيدا بولدى. ئىشىككە تۆمۈر قۇلۇپ سېلىقلىق ئىدى.

— قۇلۇپنى سۇندۇرايمۇ، ياقمۇ؟ — دەپ سورىدى دەقيانۇس. بوۋاي:

— سۇندۇرغىن، — دېدى. دەقيانۇس بوۋايدىن:

— مۇبادا بۇ يەردە تىلسىم بولۇپ قالسا، ماڭا زىيان يېتەرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قورقماي سۇندۇر، — دېدى بوۋاي.

دەقيانۇس قۇلۇپنى سۇندۇردى. ھەر ئىككىيلەن ئۇ ئىشىكتىن ئىچىگە كىردى. ئۇ يەر شۇنداق قاراڭغۇ ئىدىكى، ھېچبىر يورۇقلۇقنى كۆرمىدى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بىر پەس يۈرگەندىن كېيىن، بىر نەچچە تۆشۈكتىن يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدەك يورۇقلۇقنى كۆردى. يەنە بىر پەس يۈرگەنىدى. چوڭ بىر سارايىنى كۆردى. بۇ ساراي يەتتە ئىشىكلىك ئىدى. ھەربىر ئىشىككە قۇلۇپ سېلىقلىق ۋە ئاچقۇچلىرى ئىشىكلەرگە ئېسىقلىق ئىدى. دەقيانۇس ئىشىكلەرنى ئاچتى. ئۇلار ئۆي ئىچىگە كىردى. كۆردىكى، ھەممە ئۆيلەر مال - دۇنيا ۋە جاۋاھىراتلار بىلەن لىق تولغانىدى. بىرىنچى ئۆي ئالتۇن كەمەرلەر، قىممەت باھا گۆھەرلەر بىلەن تولغانىدى. ئىككىنچى ئۆيدە ئالتۇن شەمشەرلەر، ئۈچىنچى ئۆيدە ئالتۇن ئۈزۈكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاھىرلار بىلەن كۆز قويۇلغانىدى. تۆتىنچى ئۆيدە ئالتۇن ئاقچا - دىنار ۋە دەرھەملەر، بەشىنچى ئۆيدە قويما ئالتۇنلار، ئالتىنچى ئۆيدە قىزىل ۋە سېرىق ياقۇتلار، يەتتىنچى ئۆيدە ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە زۇمرەتلەر لىق تولغانىدى. ھەممە ئۆيلەرگە تولغان مال - ئەشيا، جاۋاھىر ئەسۋابلارنى كۆرۈپ دەقيانۇسنىڭ كۆڭلىگە: «بۇ ماللاردىن ھېچ كىشىگە بىرەر نەرسە بەرمەي، بۇ قېرىنى ئۆلتۈرەي، بۇ ماللارنى ئۆزۈم ئۇچچە ئالاي» دېگەن خىيال چۈشتى - دە، ئۇ شەمشەرلەردىن بىرنى قولىغا ئېلىپ، بوۋايغا تىكىلىپ:

— ئەي شەيخ، مەن شۇ نىيەتكە كەلدىمكى، سېنى بۇ تىغ بىلەن ئۆلتۈرىمەن. شۇنداق قىلسام سەندىن خاتىرجەم بولىمەن.

— ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا، — تەڭرى تەئالا بىلەن دۈشمەنلەشكەن بولىسەن، يەنى ئاللاھ بىلەن جەڭ قىلغان بولىسەن، باشتا سەن ماڭا ئازار بەرمەيمەن، دەپ ۋەدە - قەسەملەرنى قىلغانىدىڭ. ئەمدى ئۇ قەسەملەرنى سۇندۇرۇپ، يالغانچىلىق قىلىشقا تەڭرى تەئالادىن قورقمامسەن؟ مۇشۇنداق قىلساڭ سېنىڭ ئاقىۋىتىڭ نېچۇك بولار؟ مەن بۇ سىرنى مەخپىي تۇتۇشقا قەسەم قىلاي، بۇ ۋەقەنى ھېچكىمگە ئېيتماي، مەن بۇ مال - مۈلۈككە موھتاج ئەمەس. مەندىن خاتىرجەم بولغىن. مېنى بىھۇدە ئۆلتۈرمىگىن. مېنىڭ قېرىغان جېنىمغا رەھىم قىلغىن، خۇدادىن قورققىن، مېنى قويۇپ بەرگىن، مەن مىسىرغا يېنىپ كېتەي. مېنىڭ مىسىردا نۇرغۇن مال - مۈلۈكلىرىم ۋە ئۆي ۋاقىلىرىم بار. زامانە ئاخىرغىچە مېنىڭ ئۆمرۈم بولغان تەقدىردىمۇ مىڭلاپ - مىڭلاپ مال - مۈلكۈمدىن ھەرقانچە خەرج قىلساممۇ كەملەپ قالمايدۇ.

دەقيانۇس:

— ھەي قېرى، سېنىڭ قەسىمىڭگە ھاجىتىم يوق، — دېدى - دە، بوۋاينىڭ گەدىنىگە شەمشەر

بىلەن ئۇرۇپ بېشىنى تېنىدىن ئۈزۈپ تاشلىدى.

دەقيانۇس ئۇ ماللارنى ئۇ يەردىن ئېلىپ كېلىپ، باشقا - باشقا خەزىنىلەرنى قۇردى. پادىشاھانە ئۆيلەرنى ياسىدى. قول ۋە كېنىزەكلەر سېتىۋېلىپ، ئۇلۇغلۇق ئەسلىھەلىرىنى راسلىدى. شۇنداق قىلىپ شەھەردە ئۇلۇغ ۋە ھەشەمەتلىك كىشى بولدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ھەيۋەت ۋە ھەشەمىتى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرى مۇشۇ پارس ۋىلايىتىدە ياشىغان بىر پادىچى ئىكەنلىكىنى ھېچ كىشى بىلەلمىدى. ھەرقانداق كىشى كۆرسە، ئۇنى بۇ شەھەرگە يېڭى كېلىپ، بۇ يەردە ئورۇنلاشقان شاھزادىلەردىن ئىكەن، دەپ گۇمان قىلاتتى. دەقيانۇس مېھمانخانىلارنى ياسىتىپ، تېگى ۋە تورۇسلىرىنى ئالتۇنلار بىلەن نەقىشلەپ، چاكار ۋە كېنىزەكلەرنى سېتىۋېلىپ، ھەممە ئۇلۇغلۇق ئەسلىھەلىرىنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، پارس پادىشاھىنىڭ ياساۋۇل - ۋەزىرلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاغىنە بولدى ۋە مېھماندارچىلىقلار قىلدى. ئۇلار بىلەن ھەركۈنى شاراب ئىچىشتى، نازۇك ۋە قىممەتباھا نەرسىلەرنى ئۇلارغا تارتۇق قىلىپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل پارس مەملىكىتىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆزىگە رام قىلدى. ئۇلار دەقيانۇسنىڭ ھېكايىسىنى پارس پادىشاھىغا ئېيتتى:

— ئەي پادىشاھ، بىزنىڭ ۋىلايىتىمىزگە شاھزادىلاردىن بولغان بىر كىشى پۈتكۈل مال - مۈلۈك، چىرايلىق چاكار - كېنىزەكلىرى بىلەن بىرگە كېلىپتۇ. ئۇ ئۆزى ناھايىتى ئاقىل ۋە شېرىن سۆزلۈك كىشى ئىكەن.

دەقيانۇسنىڭ سۈپەتلىرىنى پارس پادىشاھى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مايىل بولدى. ياساۋۇللاردىن بىرىنى دەقيانۇسنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ياساۋۇل دەقيانۇسنى ئېلىپ كەلدى. پارس پادىشاھىنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشتى. كۆردىكى، ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن، شېرىن سۆزلۈك كىشى ئىكەن. پادىشاھانە كىيىملەرنى كىيىپتۇ. يېنىدا جاۋاھىراتلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن كەمەرلەرنى باغلىغان ئون نەپەر چىرايلىق چاكار، شەمشەرلەرنى بويىنىغا ئېسىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار شۇ خىل ھالەتتە پارس پادىشاھىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا يەر سۆيۈپ تەزىم قىلدى ئاندىن بۇ پادىشاھنىڭ تەختى ئالدىدا قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەر ۋە بىر بەدرە مەرۋايىت، قىممەت باھا گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن بىر تاجنى قويۇپ، پادىشاھقا سوۋغا قىلدى. بۇ قىممەت باھالىق كىيىملەر ۋە سوۋغاتلارنى كۆرۈپ پادىشاھ ھەيران قالدى. دەقيانۇسنى ئىنتايىن ئىززەت - ئىكراملار بىلەن كۈتۈپ، مېھرىبانلىقلار بىلەن مېھمان قىلدى. ئون كۈن بەزمە تۈزۈپ شاراب ئىچىشتى. ئاندىن كەچ بولغاندا ھەممە نۆكەرلىرى بىلەن قوشۇپ دەقيانۇسنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويدى. ئەتىسى دەقيانۇس يەنە باشقا ئون غۇلامغا چىرايلىق لىباسلارنى كىيدۈرۈپ، ئالتۇن كەمەرلەرنى باغلىتىپ، ئالتۇن ئۈمۈتلارنى ئاستۇرۇپ، ھەممە ئېگەر - يۈگەنلىرى ئالتۇن جاۋاھىرلار بىلەن ياسالغان ئىگەرلەرنى توقۇغان، ئۇچقۇر يورغا ئاتلارغا مىندۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە قارىسا، كۆز خىرەلىشەتتى. پارس پادىشاھى دەقيانۇسنى بۇنداق ئۇلۇغۋارلىق بىلەن كۆرۈپ ھەيران بولدى. دەقيانۇس يەنە بىر كۈنى، يىگىرمە چاكار بىلەن كەلدى. بۇلارمۇ ئىلگىرىكىلەردىن باشقىچە لىباسلارنى كىيگەن، باشقىچە زىننەتلەنگەنىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە كېلىپ، پادىشاھقا سالام قىلىپ ياندى. پارس پادىشاھى ياساۋۇللىرىغا قاراپ:

— سىلەر بۇنداق ھەيۋەت - ھەشەمەتلىك چاكارلارنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— بىز بۇنداق ئۇلۇغۋارلىقنى پەقەت مۇشۇلاردىلا كۆردۇق. باشقا ھېچبىر پادىشاھنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

يەنە بىر كۈنى، دەقيانۇس ئوتتۇز غۇلامغا نەپىس يىپەك كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئالتۇن، گۆھەر

ۋە ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەرلەرنى باغلىتىپ، چىرايلىق يۈرىدىغان ئەرەب ئاتلىرىغا مىندۈرۈپ، پارس پادشاھىغا سالامغا كەلدى ۋە رەڭگارەڭ ھەدىيەلەرنى پىشكەش قىلىپ ياندى.

بۇ پادشاھ ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرىغا ئالدىنىپ، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر مايىل بولغانىدىكى، ئەگەر دەقىيانۇس ھەممە مەملىكىتىگىنى ماڭا بەر دېسىمۇ ئۇنىڭغا بېغىشلايتتى. ھېچ ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلمايتتى. ئۇنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەتلەشنى ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر، دەپ بىلەتتى.

دەقىيانۇس نەچچە مۇددەتكىچە ئاشۇ يوسۇندا بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇردى.

بىر كۈنى، پارس پادشاھى تەختىدە ئولتۇراتتى، رۇمدىن بىر ئەلچى كەلدى ۋە بىر پارچە خەتنى كەلتۈردى. پارس پادشاھى خەتنى ئېلىپ مۇلاھىزە قىلدى. ئۇ خەتتە: «پارس پادشاھىنىڭ يەتتە يىللىق باج - خىراجىنى ئەۋەت، ئەگەر ئەۋەتمىسەڭ جەڭگە تەييار بول، مەن ئۇستۇڭگە يۈرۈش قىلىمەن» دەپ يېزىلغانىدى. پارس پادشاھى بۇ خەتنى كۆرۈپ قاتتىق غەمگە پاتتى. «نېمە تەدبىر قىلساق بولاركىن» دەپ ئويي - خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، دەقىيانۇس ھەركۈنلۈك ئادىتى بويىچە پادشاھىنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىلدى. پادشاھ ئۇنىڭغا ياخشى جاۋاب بەرمىدى. دەقىيانۇسنىڭ ئىچى سىقىلىپ:

— ئەي پادشاھىم، مېنىڭ كەلگەنلىكىم ساڭا ئېغىر كەلدىمۇ نېمە، سالامىمغا ياخشى جاۋاب بەرمىدىڭ؟ — دېدى.

— مېنى ئەپۇ قىلغىن، ئەي دەقىيانۇس، — دېدى پارس پادشاھى، — ماڭا بىر غەم يۈزلەندى. مەن شۇقەدەر تەڭلىكتىمەنكى، كۆڭلۈم ئۆز ھالىدا ئەمەس.

— ئەي پادشاھىم، ئۇ نېمە غەم؟ ماڭا ئېيتقىن، مەن ئۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى قىلاي، — دېدى دەقىيانۇس. پارس پادشاھى ئېيتتىكى:

— رۇم پادشاھى خەت يېزىپ، ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، خېتىدە: «پارس مەملىكىتىنىڭ يەتتە يىللىق باج - خىراجىنى ئەۋەت، ئەگەر ئەۋەتمىسەڭ، جەڭگە تەييار بول» دەپتۇ. بۇنىڭغا قانداق تەدبىر قوللىنىشنى بىلەلمەي ھەيران قالدىم. ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ رۇم پادشاھىغا زادىلا خىراج بەرگەن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن غەمكىنمەن.

دەقىيانۇس پارس پادشاھىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، پادشاھ ئالدىدا تىك تۇردى - دە:

— ئەي پادشاھىم، ھېچ غەم - ئەندىشە قىلمىغىن، ھەممە سىپاھ ۋە لەشكەرلىرىڭنى ماڭا تاپشۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىنى ماڭا بۇيرۇغىن، بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى مەن قىلاي، — دېدى.

پارس پادشاھى دەقىيانۇستىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. پەرمان چىقىرىپ پۈتكۈل لەشكەرلىرىنى يىغىپ دەقىيانۇسقا بەردى. دەقىيانۇس يۈز مىڭ ئاتلىق سىپاھ ئىچىدىن ئون مىڭنى تالللىۋالدى. ئاندىن بۇ لەشكەرلەرگە ئالتۇن جابدۇقلارنى بېرىشنى بۇيرۇدى.

— بۇ لەشكەرلەرنىڭ ياراغ - جابدۇقنى مەندىن ئالغىن، — دېدى پارس پادشاھى. دەقىيانۇس ئېيتتىكى:

— بۇنچىلىك لەشكەرگە يەتكۈدەك ياراغ - جابدۇق، ئالتۇن - كۈمۈش مەندە بار، ھېچ ئەندىشە قىلما، مەن بۇ ئىشنى تەڭرى تەئالانىڭ ياردىمى بىلەن بىر تەرەپ قىلىمەن.

پارس پادشاھى دەقىيانۇسنى پۈتكۈل لەشكەرگە باش قىلىپ، ئېسىل تون - سەرپايىلارنى بەردى. دەقىيانۇس يەنە مىڭ غۇلام سېتىۋالدى، ئاندىن تېپىۋالغان خەزىنە، مال - دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسىنى

ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ، پارس مەملىكىتى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، مىسىرغا قاراپ يول ئالدى. دەقيانۇس ھەربىر شەھەرگە كىرسە ئۇ شەھەردىكى باھادىر، شىجائەتلىك پالۋانلارغا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ دەقيانۇسنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى ھەممە شەھەرلەرگە ئاڭلاندى. ھەر يەردە شىجائەتلىك، كۆچتۆڭگۈر باھادىرلار بولسا ھەممىسى يېتىپ كېلىپ، دەقيانۇسنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. دەقيانۇس رۇمغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۈچ يۈز مىڭ ئاتلىق باھادىر يىغىلغانىدى. جاھاندا ھېچبىر پادىشاھنىڭ ئەتراپىغا مۇنداق كۆپ قورقۇمسىز باھادىرلار يىغىلمىغان بولغىيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن رۇم پادىشاھىغا: «پارس پادىشاھى ھەددى - ھېسابسىز لەشكەر بىلەن كېلىپتۇ» دېگەن خەۋەر يەتتى. رۇم پادىشاھى:

— ئۇلار قانداق كەلگەندۇ، بىزگە ھېچبىر خەۋەر يوق ئىدىغۇ، — دېدى ۋە ناغرا - كانايلارنى چېلىشقا پەرمان قىلدى. شۇ ئارقىلىق ھەممە ئەتراپتىكى لەشكەرلىرىنى يىغدى. رۇم پادىشاھىنىڭ ئەتراپىغا يەتتە يۈز مىڭ ئاتلىق چېرىك يىغىلدى. دەقيانۇسنىڭ لەشكىرىدىن رۇم پادىشاھىنىڭ تۆت يۈز مىڭ لەشكىرى كۆپ ئىدى. رۇم پادىشاھى لەشكەرلىرىگە سەپ تارتىشقا پەرمان قىلدى ۋە دەقيانۇسنىڭ لەشكىرىگە قارشى جەڭگە كىردى. شۇنداق قاتتىق جەڭ قىلىشتىكى، ھەر ئىككى تەرەپتىن قىيقاس - چۇقانلار كۆتۈرۈلدى. گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى. يېرىم كۈن ئۆتكەندى، دەقيانۇس رۇم لەشكىرى ئۈستىدىن غالىب رۇم لەشكىرىنى قاچۇردى. رۇم پادىشاھىنى تۇتۇپ، دەرھال ئۆلتۈردى. ھەددى - ھېسابسىز تاشقىرى مال - مۈلۈكنى غەنىيمەت ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن رۇم پادىشاھلىقى دەقيانۇسنىڭ قولىغا ئۆتتى. دەقيانۇس پارس پادىشاھىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتتى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «مەن كېلىپ رۇم لەشكىرىنى يەڭدىم، رۇم پادىشاھىنى ئۆلتۈردۈم، مېنىڭ خېتىم ساڭا يەتكەندە ئۇنى ئوقۇپ، مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەردار بولارسەن. ئاندىن پارس مەملىكىتىنىڭ يەتتە يىللىق خىراجىنى ئەۋەتكەيسەن. ئەگەر ئەۋەتمىسەڭ جەڭگە تەييار بول. مەن يېتىپ بېرىپ رۇم پادىشاھىغا كۆرسەتكەن كۈننى ساڭىمۇ كۆرسىتىمەن.»

دەقيانۇسنىڭ خېتى پارس پادىشاھىغا يېتىپ كەلدى. پارس پادىشاھى دەقيانۇسنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران قالدى. ئۇ ئەمىر - ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— بۇ خەتنى كۆرۈڭلار، ماڭا يېزىپتۇ، — دېدى دەرغەزەپ بولۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن پارس پادىشاھى دەرھال لەشكەر توپلىدى ۋە شەھەردىن تاشقىرىغا چىقتى. بىر مەنزىلگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن توختاپ، لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى ئالدى. سەكسەن يۈز مىڭ (سەككىز مىليون) لەشكەر يىغىلىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يۈرۈش باشلاپ، رۇم شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. ئاندىن دەقيانۇسقا خەت كىرگۈزدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ھەي ئىت، سەن رۇم مەملىكىتىنى مېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىم بىلەن ئالدىڭ. ئۇنداق بولمىغاندا مېنىڭ تەختىمنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان كىشى ئەمەسمىدىڭ، مەن سېنى تەختىم ئالدىدا يەرنى سۆيگۈزگەن كىشى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مەن كەلدىم، سېنىڭ دىمىغىڭدىن دۇت چىقىرىمەن، رۇم مەملىكىتىنى سەندىن تارتىۋېلىپ، رۇملۇقلارغا بېرىمەن !»

پارس پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى خەتنى دەقيانۇسقا يەتكۈزدى. دەقيانۇس دەرغەزەپ بولۇپ، لەشكەرلىرىنى يىغىلىشقا بۇيرۇدى. دەقيانۇس ئۈچ يۈز مىڭ باھادىر لەشكەر بىلەن پارس پادىشاھىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئىككى لەشكەر بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى سەپلەرنى تۈزۈپ جەڭ قىلىشتى. ئاخىر

دەقيانۇس پارس لەشكەرلىرىنى يەڭدى. پارس پادىشاھىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈردى. پارس پادىشاھىنىڭ پۈتكۈل مال - مۈلۈكلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن دەقيانۇس رۇم تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ شەھەرنى ئەپسۇس دەپ ئاتايتتى. بۇ شەھەر ئىلگىرى ۋەيران قىلىنغان بولۇپ، دەقيانۇس بۇ شەھەرنى قايتىدىن ياساپ، ئوردا ۋە سارايلارنى قۇردى. ئۇ سارايلارنىڭ چوڭلۇقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ھەر تەرىپى بىر پەرسەڭدىن كېلەتتى. ساراي تاملىرىنىڭ بىر خىشى ئالتۇندىن بولسا، بىر خىشى كۈمۈشتىن ئىدى. ئۇ سارايىنىڭ بىر ئىشىكى بار ئىدى. ئېگىزلىكى 50 گەز، كەڭلىكى 20 گەز بولۇپ، قىزىل ئالتۇندىن ياسالغانىدى. ئۇ سارايدا مىڭ ھۇجرا، ھەر ھۇجرىدا تۆت ئىشىكلىك ئۆي، ھەر ئۆيدە غۇلاملار، چاكارلار ئولتۇرۇقلۇق ئىدى. ئۆزىنىڭ ئولتۇرىدىغان بارگاھى رۇم نەقىشلىرى بىلەن نەقىشلەنگەن بولۇپ، ئۇ يەردە تۆت يۈز خام كۈمۈشتىن ياسالغان بىر تەخت بار ئىدى. ئۇ سارايىنىڭ سەينالىرى باشقا - باشقا رەڭدە ئىدى. ئۇ سارايدا مىڭ ئىشىكلىك ھۇجرا، ھەربىر ھۇجرىدا تۆت ئىشىكلىك ئۆي ۋە ھەر ئۆيدە ئىككى غۇلام تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇقلۇق ئىدى. دەقيانۇس ئۆزى ئولتۇرۇش ئۈچۈن يەمەن ئالتۇنىدىن بىر بارگاھ ياساتتى. ئۇ بارگاھنىڭ بوغۇملىرى قىزىل ئالتۇندىن ياسالغان تۆت تۈۋرۈكى بار ئىدى. ئۇ بارگاھ ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش ئىشىكلىك ئىدى. ھەركۈنى قۇياش چىقىپ بىر ئىشىككە چۈشەتتى. تاكى بىر يىلنىڭ شۇ سائىتى يېتىپ كەلمىگۈچە ئۇ ئىشىككە كۈن چۈشمەيتتى. دەقيانۇس پەلسەپە كىتابلىرىنى ئوقۇغانىدى ۋە ئۇنىڭ ئىلمى نۇجۇمنى بىلىدىغان يەتتە مىڭ ئادىمى، يەتمىش ئىككى ۋەزىرى ۋە ئۆز ئورنىدا ئىشلارغا مەسئۇل يەتتە يۈز ئەمىرى بار ئىدى. دەقيانۇس ھەركۈنى بارگاھتا ئولتۇرسا، يەتمىش ئالتۇن كۇرسا ئوڭ تەرىپىدە، يەنە يەتمىش ئالتۇن كۇرسا سول تەرىپىدە قويۇلاتتى. ھەربىر كۇرسىدا بىر ئەمىر ئولتۇراتتى. يەتمىش ئىككى ۋەزىر بولسا ئوتتۇرىدا ئولتۇراتتى. ئالتۇن كەمەرلەرنى باغلىغان تۆت مىڭ ياساۋۇلى بار ئىدى. ئۇلار تەختىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ خىزمەتتە تۇراتتى. تۆت مىڭ خاس غۇلامى بار ئىدى، بولۇپمۇ ئالتە رۇملۇق غۇلام بولۇپ، ھېچ پادىشاھنىڭ مۇنداق غۇلامى يوق ئىدى. ھېچ كىشى ئۇلارغا ئوخشاش كىشىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ غۇلاملار ئىسرائىل نەسلىدىن ئىدى. دەقيانۇسنىڭ ھەربىر ئەمرىنىڭ مىڭدىن غۇلامى بار ئىدى. دەقيانۇس قىرىق يىلغىچە ئاشۇ يوسۇندا پادىشاھلىق قىلدى. قىرىق يىلدىن كېيىن، بىر كۈنى، تەختتە ئولتۇراتتى، بىر بوۋاي دەقيانۇسنىڭ تەختىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ كەلدى، ئۇ ئىبلىس ئىدى.

— كىمسەن؟ نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دېدى دەقيانۇس.

— مەن، — دېدى ئىبلىس جاۋاب بېرىپ، — ئەزىز ۋە بۈيۈك تەڭرىنىڭ سېنىڭ قېشىڭغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن.

— نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دېدى دەقيانۇس. ئىبلىس جاۋاب بېرىپ:

— تەڭرى تەئالا ساڭا: «مەن ئاسماننىڭ خۇدايى، سەن دەقيانۇس زېمىننىڭ خۇداسى بول» دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دەقيانۇس:

— ئەي بوۋاي، مەن بۇ سۆزنى تىلىمغا ئالمايمەن. بۇنداق ئىشنى كۆڭلۈمدىمۇ ئويلىمايمەن. ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ بۇنداق سۆزۈمنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ ۋە ماڭا ئەگەشمەيدۇ، — دېدى. ئاللاھ لەنەت قىلغۇر ئىبلىس دەقيانۇسنىڭ بۇ جاۋابىنى ئىشىتىپ، شۇ ھامان

يوقالدى.

شۇ يوسۇندا نەچچە مۇددەت ئۆتتى. دەقيانۇس لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ قايتىپ كېلەۋېتىپ، دەريا لېۋىدە تەختكە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. نەچچە پەرسەڭ يەرگىچە يېيىلغان سىپاھلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. دەقيانۇس شادىمانلىق بىلەن ئولتۇراتتى. ئىبلىس ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ تەختىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ كەلدى ـ دە، دەقيانۇسقا سالام قىلدى.

— كىمسەن؟ — دېدى دەقيانۇس. ئىبلىس ئۇنىڭغا:

— ئەي زېمىن خۇداسى، مەن ئاسمان خۇداسىنىڭ ئەلچىسىمەن، ئاسمان خۇداسى سەن زېمىن خۇداسىغا: «مەن ئاسمانى ساقلايمەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەرنى ساقلىيالمايمەن، سەن زېمىنىنىڭ خۇداسى، زېمىننى سەن ساقلا، مەن ئاسماننى ساقلاي» دەپ سۆز ئەۋەتتى، — دېدى.

— ئەي بوۋاي بۇنداق سۆزنى ئېيتمىغىن، مەن بۇنداق سۆزلەرنى دېيەلمەيمەن، — دېدى دەقيانۇس. ئىبلىس ئۇنىڭغا:

— سەن زېمىنىنىڭ خۇداسى بولۇشنى خالامسەن؟ مەن ئۇنىڭغا گۇۋاھچى بولىمەن، — دېگەندى، دەقيانۇس:

— خالايمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ساڭا نېمىنى بۇيرۇسام، شۇنى قىلغىن، — دېدى ئىبلىس.

دەقيانۇس ئۇنىڭغا:

— بۇيرۇغىن، — دېدى. ئىبلىس:

— تەختىڭنى دەريا لېۋىگە ئېلىپ بارغىن، مەن راست ئېيتىپتىمەنمۇ ياكى يالغان ئېيتىپتىمەنمۇ شۇ چاغدا كۆرىسەن، — دېدى. دەقيانۇس تەختنى دەريا لېۋىگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى.

ۋەھەب ئىبنى مۇنبە مۇنداق دەيدۇ: «دەريادا بىر بېلىق بار ئىدى، ئۇ بېلىق تەڭرىتائالادىن باشقا كىشىنى تونۇمايتتى. ھەركۈنى سۇدىن يېرىمىنى چىقىرىپ، يېرىم كۈن ئۆتكۈچە دەريا ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، تەڭرىتائالاغا ئىبادەت قىلاتتى. يېرىم كۈندىن كېيىن دەريا تېگىگە چۆكۈپ، تائام يەيتتى». شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەگەر ئۇ بېلىق دەريادىن ئۆتسە، دەريانىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ ئۆتەتتى. دېمەك، ئۇ بېلىق شۇ قەدەر چوڭ ئىدى.

ئىبلىس دەقيانۇسقا:

— مەن ساڭا ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆرسىتەي، — دېدى. دەقيانۇس دەريا لېۋىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىبلىس ئۇنىڭغا ئېيتتى، — دەريانىڭ بارلىق جانىۋارلىرى سېنىڭ زېمىن خۇداسى ئىكەنلىكىڭدىن خەۋەر تاپتى. لېكىن زېمىندىكى ئادەملەرلا خەۋەر تاپمىدى.

— قانداق بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى دەقيانۇس. ئىبلىس ئۇنىڭغا:

— سەن بىلمەمسەن، بۇ دەريادا زور بىر بېلىق بار، ئۇنىڭدىن چوڭ بېلىق يوق. دەريادىكى بارلىق جانىۋارلار ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. بۇ بېلىق ھېچبىر مەخلۇقتىن قورقمايدۇ. ئەگەر سەن خالىساڭ: «ئەي بېلىق، مەن زېمىن خۇداسى!» دەپ ۋارقىرىغىن. شۇ چاغدا ئۇ بېلىقنىڭ سەندىن قورقۇپ قاچقانلىقىنى كۆرىسەن. ئاندىن مېنىڭ راست ئېيتقانلىقىمنى بىلىسەن، — دېدى.

دەقيانۇس ئىبلىسنىڭ سۆزىنى ئىشتىپ، ناھايىتى قورقۇنچقا پاتقان ھالدا: «ئەي بېلىق، مەن زېمىن خۇداسى!» دەپ ۋارقىرىدى. دەقيانۇسنىڭ مۇنداق بىھۇدە سۆزىنى ئىشتىپ، بېلىق قېچىپ دەريانىڭ تېگىگە چۆكۈپ كەتتى. دەقيانۇس ئۆز كۆڭلىدە: «بېلىق بۇ قەدەر چوڭلۇقى بىلەن مەندىن

قورقۇپ قاچتى» دەپ ئويلىدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوغانچىلىق، تەكەببۇرلۇق پەيدا بولدى.

ئەسلىدە ئۇ بىلىق: «بۇ سۆزنىڭ شۇملۇقىدىن ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، ھەممىنى كۆيدۈرىدۇ» دەپ ئويلاپ، تەڭرى تەئالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دەقيانۇس يۈرەكلىك بولدى. خەلقنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىردى: «مەن زېمىن خۇداسىدۇرمەن» دەپ جار سالدى. يىراقلاردىن كەلگەن كىشىلەر دەقيانۇسقا بويسۇندى. ئۇنى ئىنكار قىلغانلارنى كۆرسە، ئوتتا كۆيدۈرۈپ خوتۇن ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئەسىر قىلاتتى.

شۇ تەرىقىدە نەچچە يىل ئۆتتى. دەقيانۇس ئولتۇرۇش تۈزۈپ، شاراب ئىچكىلى تۇرغاندا، نۆكەرلىرى سەپ تارتىپ خىزمەتتە تۇراتتى. بەش مىڭ غۇلام بىر - بىرىدىن چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، باشلىرىغا ئالتۇن تاجلارنى تاقاپ، دەقيانۇسنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. بۇ بەش مىڭ غۇلامنىڭ ئارىسىدا رۇملۇق ئالتە غۇلام بار ئىدى. دەقيانۇس ئۇلاردىن خاتىرجەم ئىدى، ئۇلارغا ناھايىتى ئىشىنەتتى. دەقيانۇسنىڭ ئۇلاردىن يېقىنراق غۇلامى يوق ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ غۇلاملار بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. بۇ ئالتە غۇلامنىڭ ئۈچى دەقيانۇسنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە، ئۈچى سول قول تەرىپىدە تۇراتتى. يەملىخا ئۇلارنىڭ چوڭى ئىدى. ھەممىسى دەقيانۇسقا سەجدە قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق بىر قائىدە بېكىتكەن ئىدىكى، ھەر يىلدا يەتتە كۈن خالايىقنى سەھراغا چاقىرىپ چىقاتتى.

بىر كۈنى دەقيانۇس تائام يېگىلى ئولتۇرغانىدى. يەملىخا دەقيانۇسنىڭ ئالدىدا قولىغا يەلپۈگۈچ ئېلىپ، دەقيانۇسنى يەلپۈپ ئولتۇراتتى. توساتتىن ھاۋادىن بىر چىۋىن چۈشۈپ، دەقيانۇسنىڭ تائامىغا قوندى. دەقيانۇس جىددىيلىشىپ قولىدىكى لوقمىنى يېيەلمەي، يەرگە تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دەقيانۇس غەمكىن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يەملىخا ناملىق غۇلامى بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ كۆڭلىدە: «بىر چىۋىننىڭ زېمىننى ئۆزىدىن يىراق قىلالمىغان بۇ كىشى قانداقمۇ خۇدالىققا يارار؟» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دەقيانۇسقا خىزمەت قىلىشتىن كۆڭلى سوۋۇدى. بۇ خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋېلىپ تەكرارلىنىپ، بارغانسېرى كۈچەيدى. يەملىخا نەچچە كۈنگىچە ئاشۇ ئوي - خىيال بىلەن ئۆتتى. بىر كۈنى دەقيانۇس شىشە ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى، يەملىخا ئۇنىڭ ئالدىدا يەلپۈپ ئولتۇراتتى. تەڭرى تەئالا ئىككىنچى قېتىم چىۋىن ئەۋەتتى. چىۋىن كېلىپ دەقيانۇسنىڭ يۈزىگە قوندى. يەملىخا دەقيانۇسنى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتمىسۇن، دەپ قورقۇپ، ئېھتىيات بىلەن ئۇ چىۋىننى ھەيدىدى. لېكىن ھېچ قىلىپ ئۇ چىۋىن دەقيانۇسنىڭ يۈزىدىن يىراق بولمىدى ۋە ئۆزىنى دەقيانۇسنىڭ يۈزىگە ئۇردى. دەقيانۇس ئۇيقۇدىن ئويغاندى ۋە ئۇ چىۋىننىڭ قولىدا ئاجىز بولدى. تەڭرى تەئالا ئۆزىنىڭ شەرەپلىك سۆزلىرىدە: «ئەي ئىنسانلار (مۇشرىكلار جامائەسى)، بىر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ. (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇت قىلىۋېلىپ چوقۇنىدۇ !)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىرەر نەرسىنى (يەنى بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇش پۇراق نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ. بۇتمۇ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغۇ-

چىمۇ ئاجىزدۇر»[1] دەپ خەۋەر بەرگەن. تەڭرى: «ئەي مۇھەممەد، مەن بۇ چىۋىننى جەبىر ئۈچۈن ياراتتىم. ئادەملەر ئۆزىنىڭ خار، ئاجىز، تۆۋەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلسۇن. ئۇلار چىۋىننىڭ زىيىنىنى ئۆزىدىن يىراق قىلالمايدۇ يۇ، نېمىدەپ خۇدالىق دەۋاسى قىلىدۇ» دەيدۇ.

دەقيانۇس ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن، تىرمىشىپ - تىرمىشىپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ چىۋىننى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرالماي ھەيران بولۇپ، ئۇ ئۆينى شۇ چىۋىنغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى قېچىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەملىخانىڭ كۆڭلى ئوي - خىيالغا تولدى. ئۇ كۆڭلىدە: «دەقيانۇس بىر چىۋىن ئالدىدا خار بولدى، بۇ خۇدالىققا يارىمايدىكەن. بۇنىڭ خۇدالىقىدىن مەن بىزارمەن» دەپ ئويلاپ، ئاسمان ۋە زېمىنگە قارىغانىدى، نۇرغۇن ئاجايىباتلارنى كۆردى. ئويغاقلىق يەملىخانىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلدى ۋە: «بۇ ئاسمان - زېمىننى ياراتقۇچى باردۇر، ئۇ بولسىمۇ ئاسمان - زېمىننى ياراتقان تەڭرى تەئالادۇر. ئۇ پۈتكۈل ئالەمگە رىزقى بەرگۈچىدۇر. بۇ دەقيانۇس تەڭرى تەئالاغا ئاسىي بولغان بىر ئاجىز بەندىدۇر» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يىپەك ئېگىنلىرىنى سېلىپ، يۇڭ چەكمەنلەرنى كىيىپ، تەڭرى تەئالانىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى. ئۇ ئىبادىتىدە: «مېنىڭ تەڭرىم شۇنداق زاتتۇركى، ئۇ بۇ ئاسمان - زېمىنلارنى ئاپىرىدە قىلغان، ئاسماننى تۈۋرۈكسىز مۇئەللەقتە توختاتقان. زېمىننى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ساقلىغاندۇر» دەيتتى، كېچىدىن تاكى كۈن چىققۇچە ئاشۇ سۆزلەرنى ئېيتاتتى. كۈندۈزى بولسا دەقيانۇسنىڭ خىزمىتىگە كېلەتتى. ئۇ نەچچە ۋاقىتقىچە شۇ يوسۇندا تەڭرى تەئالاغا ئىبادەت قىلدى. بىر كۈنى دەقيانۇس تەختىدە ئۇخلاپ ياتاتتى، تەختىدىن بىر مۈشۈك سەكرىدى. دەقيانۇس ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنى غال - غال تىترەيتتى، بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئارامىدا ئۇخلىيالمىدى. شۇ كۈنى يەملىخا دوستلىرى بىلەن بىللە ھازىر ئىدى. دەقيانۇسنى بۇنداق ئەھۋالدا كۆرۈپ، ھەيران قالدى ۋە ئۆز كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتتى: «مۈشۈكتىن بۇنداق قورقسا، بۇ قانداقمۇ خۇدا بولسۇن؟» ئاندىن ئۇلار ھەممىسى: «ئاسمان - زېمىننىڭ خۇداسىغا ئىمان كەلتۈرىمىز» دېيىشتى.

نەچچە مۇددەت ئۆتتى، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغانلىقتىن، يەملىخانىڭ يۈزى سارغايدى. قالغانلىرىمۇ كېچىسى تەڭرى تەئالاغا ئىبادەت قىلاتتى، كۈندۈزى دەقيانۇسنىڭ خىزمىتىگە كېلەتتى.

بىر كۈنى دەقيانۇس يەملىخانىڭ يۈزىگە قاراپ، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ سارغايغان ۋە زەئىپ ھالىتىنى كۆرۈپ، تېزدىن ھەكىملەرنى چاقىردى. ھەكىملەر قوللىرىنى يەملىخانىڭ تومۇرىغا قويۇپ:

— بۇ غۇلامنىڭ تېنىدە ھېچبىر كېسەل يوق، — دېدى.

دەقيانۇس ۋەزىرلىرىدىن:

— بۇ غۇلامنىڭ ئىشلىرىدا نېمىنى كۆردۈڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— پىنھان بىر ئىش قىلمىۋاتقان بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى ۋەزىرلەر. دەقيانۇس ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇشقا يەملىشانى مەسئۇل قىلدى.

نەچچە مۇددەتكىچە مۇشۇ يوسۇندا ئۆتتى. بىر كۈنى كېچىسى يەملىشا يەنە يەملىخانىڭ تەڭرى تە-

[1] «قۇرئان كەرىم»، 22 - سۈرە ھەج، 73 - ئايەت.

ئالانىڭ ئىبادىتىدە كەلىمىلەر ئېيتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ئەي بۇرادەر، بۇ ئىبادەت ۋە بۇ ئايەتلەر بىلەن كىمنى ياد قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى يەملىشا ئۇنىڭدىن. يەملىخا:

— ئەي بۇرادەر، ئەگەر مېنىڭ سىرىمنى ساقلىساڭ، سىرىمنى ساڭا ئېيتاي، — دېدى. يەملىشا ئۇنىڭغا:

— مەن سىرىڭنى ھېچ كىشىگە ئېيتماسلىققا ۋەدە بېرەي، — دېدى.

— ئەي بۇرادەر، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، — دېدى يەملىخا، — بىزنىڭ بۇ پادشاھىمىز بىر ئاجىز بەندىدۇر.

— بۇنى قەيەردىن بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى يەملىشا. يەملىخا:

— بىر چىۋىننىڭ زىيىنىنى ئۆزىدىن يىراق قىلالمىغان كىشى قانداقمۇ خۇدالىققا يارايدۇ؟ — دېدى ۋە چىۋىننىڭ ھېكايىسى، مۈشۈكنىڭ ۋەقەلىرىنى يەملىشاغا ئېيتتى.

— بۇ ئىبادەتنى كىمگە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى يەملىشا. يەملىخا:

— ئاسمان ـ زېمىننى ئاپىرىدە قىلىپ، ئاسماننى ئاي، كۈن، يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلىگەن، بىزنى بىر ـ ئىككى تامچە مەنى سۇيىدىن ياراتقان ۋە رىزقى بېرىپ پەرۋىش قىلغان ئاشۇ تەڭرى تەئالاغا ئېتىقاد قىلىمەن، — دېدى.

— ئەي بۇرادەر، — دېدى يەملىشا. مەنمۇ نەچچە قېتىم ئويلىغانىدىم، لېكىن كىشىگە ئېيتالمىغانىدىم. ئەمدى بۇ سۆزلەرنى سەن ئېيتىۋاتىسەن. راست ئېيتىسەن، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭدە ھېچ شەك يوق. بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، مەنمۇ دەقيانۇسنىڭ خۇدالىق دەۋاسىدىن بىزارمەن، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ خۇداسىغا بويسۇندۇم.

ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرى بىلەن ۋەدىلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ سىرىنى ساقلاشقا سۆز بېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كۈندۈزى دەقيانۇسنىڭ خىزمىتىدە بولدى، كېچىسى تەڭرى تەئالانىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى. نەچچە مۇددەتكىچە شۇ يوسۇندا كۈن ئۆتكۈزدى.

ۋەزىرلەر ۋە ياساۋۇللار بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ماراپ كۆزەتتى. چۈنكى، بۇلارنىڭ رەڭگىرويى ئۆزگەرگەنىدى. دەقيانۇس پۈتكۈل لەشكىرىدىن: «نېمە ئۈچۈن بۇلار بۇنداق ئاجىزلاپ كەتتى؟» دەپ سورىدى. لېكىن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېچ قىلىپ بىلەلمىدى.

— ئەي بۇرادەر، — دېدى يەملىخا يەملىشاغا، — بىز بىر تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ دوستلىرىمىز بىزنىڭ ئىشىمىزدىن خەۋەر تاپسا، بىزنى پادشاھنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە تاقەت قىلالمايمىز. ئەگەر لايىق كۆرسەڭ ئۇلارنىمۇ ئاسمان ـ زېمىننىڭ ياراتقۇچىسىغا ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلايلى ۋە سىرىمىزنى ئۇلارغا ئېيتايلى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلاردىن خاتىرجەم بولايلى.

«كەئەبەل ـ ئەخبار» دا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بۇ ئىككى كىشى دەقيانۇستىن رۇخسەت تىلەپ:

— ئەي پادشاھ، بىزگە رۇخسەت بەرسىڭىز، مىسلىنا، مەرنۇش، زەبەرنۇش، شازىنۇشلارنى مېھمان قىلايلى، بىز ئالتە كىشى بىر قېرىنداشلارمىزدىن، — دېدى. دەقيانۇس:

— بولىدۇ، — دەپ رۇخسەت بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، يەملىخا ۋە يەملىشا مېھمان چاقىردى. ئۇلار ئالتىسى يىغىلىپ بىر يەردە ئولتۇردى. يەملىخا ۋە يەملىشا ئىككىسى ئۇلارغا قاراپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چۈشىنىڭ، تائامنىڭ ۋە مۇشۇكنىڭ ۋەقەلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئارىغا سالدى. ئاندىن:

— ئەگەر خۇدالىق دەۋاسى قىلغان كىشى، بىر چۈشنى ئۆزىدىن يىراق قىلالمىسا، ئۇ كىشى خۇدالىققا يارامدۇ؟ — دېدى. ئاندىن يەملىخا ئۇلارغا يەنە مۇنداق دېدى، — ھەي بۇرادەرلەر، بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاسماننى، زېمىننى، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى، سۇلارنى، دەرەخلەرنى ۋە يەردىن ئۈنگەن گىياھلارنى دەقيانۇس ئاپىرىدە قىلغان ئەمەس، بەلكى بۇ نەرسىلەرنى ئاسمان - زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرى تەئالا ئاپىرىدە قىلغاندۇر. خۇدايى تەئالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. ئۇ بەندىلەرنىڭ سىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە بەندىلەرنىڭ كۆزىدىن پىنھاندۇر. ئۇ تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىزدۇر.

— راست ئېيتتىڭ، ھەقىقەتەن شۇنداق، — دېدى ئۇ تۆتەيلەن، — ئۇزاق ۋاقىتلار بولغانىدى. بىزمۇ مۇشۇ خىيالدا ئىدۇق. سىرىمىزنى كىشىگە ئېيتالمىدۇق. پادىشاھ بىلىپ قالارمۇ دەپ قورقاتتۇق. ئەمدى سەن بۇيرۇغىن، نېمىگە بۇيرۇساڭ، بىزمۇ شۇنى قىلايلى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەملىخا ئۇلارغا:

— ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭدىن باشقا خۇدا يوقتۇر. بۇ دەقيانۇس بىزلەرگە ئوخشاشلا بىر بىچارە بەندىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىڭلار، — دېدى.

بۇ تۆتەيلەن ھەق تەئالانىڭ بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشتى ۋە بىر - بىرى بىلەن ئەھدىلەشتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭۈللىرىنى تەڭرى تەئالاغا توغرىلاپ: «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دېيىشتى.

تەڭرى تەئالا ئۆزىنىڭ كالامىدا بۇ ھەقتە مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ، ئېيتتى: بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز. ئەگەر بىز (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار) دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز»[1]. «ئالتەيلەننىڭ ھەممىسى: «بىزنىڭ خۇدايىمىز ئاسمان - زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسىغا سىغىنمايمىز ۋە ئېتىقاد قىلمايمىز. ئاللاھ بىزنى ساقلىغۇچى ۋە رىزقى بەرگۈچىدۇر» دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ھەممىسى كۈندۈزى دەقيانۇسقا خىزمەت قىلدى، كېچىسى يەملىخانىڭ قېشىغا كېلىپ، خۇدايى تەئالانىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى. بۇ ئىش شۇ يەرگە يەتتىكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئاشكارىلاندى. كىشىلەر دەقيانۇسقا: «بۇلار دەقيانۇستىن باشقا خۇداغا سىغىنىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر بەردى.

دەقيانۇس بۇلارنى چاقىرتىپ:

— خالايىق سىلەرنى مەندىن باشقا خۇداغا سىغىنىۋاتىدۇ، دەيدۇغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ بىرلا خۇدايى تەئالادىن باشقا خۇدايىمىز يوق، — دېدى ئۇلار جاۋاب بېرىپ.

دەقيانۇس بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارغا:

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 18 - سۈرە كەھف، 14 - ئايەت.

— چىقىپ كېتىڭلار، لەشكەرلىرىم سىلەرگە ھەسەت قىلغان ئوخشايدۇ، — دەپ، ئېسىل كىيىملەرنى بېرىپ قايتۇردى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن يېنىپ چىقىپ بىر - بىرىگە:

— بىزگە تەڭرى تەئالانىڭ ئۆزى يېتەرلىكتۇر، ئۇ بىزگە ھېچ زىيان يەتكۈزەلمەس، — دېيىشتى ۋە ئىلگىرىكى ئادىتى بويىچە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ كۈن ئۆتكۈزدى. ئاندىن بۇ ئەھۋالدىن دەقىيانۇسنىڭ ۋەزىرلىرى خەۋەر تاپتى.

— بۇ غۇلاملار ئاسمان ۋە زېمىننىڭ خۇداسىغا سېغىنىشىپتۇ، — دەپ دەقىيانۇسقا خەۋەر قىلدى.

دەقىيانۇسنىڭ تۆمۈردىن ياسالغان بىر ئۆيى بار ئىدى. بىرەر كىشىنى ئازابلاشنى ئىختىيار قىلسا، ئاشۇ ئۆيىنى قىزىتاتتى. ئاندىن ئۇ كىشىنى شۇ ئۆيىنىڭ قورسىقىغا كىرگۈزەتتى - دە، ئۇ كىشىنى شۇ يوسۇندا كۆيدۈرەتتى.

دەقىيانۇس بۇ سۆزنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، جار سالدۇرۇپ، ئەپسۇس شەھىرىنىڭ خالايىقلىرىنى دەقىيانۇس مەيدانىغا يىغدى. بۇ پەرمانغا بىنائەن ھەممە خالايىق يىغىلدى. ھەددى - ھېسابسىز ئوتۇنلارنى كەلتۈرۈشتى. تۆمۈردىن ياسالغان ئۆيىنى ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىدى. تۆمۈر ئۆي قىزىپ، قىپقىزىل رەڭگە كىردى. ئاندىن ئۇ ئالتە غۇلامنى ئۆيىنىڭ قورسىقىغا تاشلاپ ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى. غۇلاملار دەقىيانۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. دەقىيانۇس ئۇلاردىن:

— خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، سىلەر ماڭا سېغىنىشتىن بىزار بولۇپسىلەر، بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۇلار جاۋاب بېرىپ، — بىز ھەق دىندا ۋە راست يولدىدۇرمىز، ئۇلار باشقا خۇداغا بويسۇنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىزگە ھەسەت قىلىدۇ ۋە يالغان ئېيتىدۇ. تەڭرى تەئالا ئۆزىنىڭ شەرەپلىك كالامىدا: «بىزنىڭ قوۋمىمىز ئاللاھنى قويۇپ، (بۇتلارنى) ئىلاھ قىلىۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە نېمىشقا دەلىل - ئىسپات كەلتۈرمەيدۇ. ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟»①. «ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ» دېگەن.

ئۆز ۋاقتىدا ھېچبىر پەيغەمبەر يوق ئىدى. ئۇلار ئەزىز ۋە بۈيۈك تەڭرىگە ئۆز ئەقىل - ئىدراكى بىلەن ئېتىقاد قىلغانىدى ۋە بويسۇنغانىدى. ئۇلارنىڭ قىسسىسى زىكرىيا ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئىدى. بۇ ئالتە غۇلام پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇكى، يەملىخا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا زىلەيخانىڭ ئىشىدا راستلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئۇ كىشى ھەققىدە تەڭرى تەئالا ئۆزىنىڭ قەدىم كالامىدا: «ئۇ (يەنى زىلەيخا) نىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرى گۇۋاھلىق بەردى»② دەپ خەۋەر بەرگەن.

دەقىيانۇس يەملىخانىڭ سۆزىنى ئىشىتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھ، سەن بىزدىن بىرەر خىيانەتنى كۆردۈڭمۇ؟

— توغرا ئېيتىسىلەر، مەن سىلەردىن ھېچ خىيانەتنى كۆرمىدىم، — دېدى دەقىيانۇس. ئاندىن

---

① «قۇرئان كەرىم»، 18 - سۈرە كەھف، 15 - ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، 12 - سۈرە يۇسۇف، 26 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېيىن بۇ ئالتە غۇلامغا كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملار قىلىپ قىممەت باھالىق تون ـ سەرپايلارنى بەردى ۋە، ــ ئەگەر مۇندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن يامان گەپ قىلسا، شۇ كىشىگە خەلقئالەم ئۆلاردىن ئىبرەت ئالغۇدەك دەرىجىدە ئازاب قىلىمەن، ــ دېدى. دەقيانۇس شۇ ئارقىلىق ئۇ غۇلاملارنىڭ ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

يەملىخا دوستلىرى بىلەن ئۆيىگە كېلىپ، يەنە ئەزىز ۋە بۈيۈك تەڭرىگە ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. مۇشۇ يوسۇندا نەچچە كۈنلەر ئۆتتى.

يەملىخا بىر كۈنى دوستلىرىغا:

ــ بىز بۇ ئىشقا بىر تەدبىر قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن يەنە پادىشاھقا بىزنىڭ سىرىمىز ئاشكىلىنىپ قالسا، بىزدىن بىرىمىزنىمۇ تىرىك قويمايدۇ، ــ دېدى.

ــ قانداق تەدبىر قىلايلى؟ ــ دەپ سورىدى ئۇلار.

ــ تەدبىر شۇكى، ــ دېدى يەملىخا ئۇلارغا، ــ بۇ ۋىلايەتتىن قېچىپ كېتەيلى. خۇدايى تەئالاغا ئاشكارا ئىبادەت قىلغىلى بولىدىغان بىر جايغا بارايلى، بۇ مەلئۇننىڭ قولىدىن قۇتۇلايلى.

ــ بىز ھېچ شەھەرنى كۆرمىگەن تۇرساق، يولمۇ بىلمەيدىغان تۇرساق، قانداق قاچىمىز؟ ــ دېيىشتى ئۇلار. يەملىخا ئېيتتىكى:

ــ تەڭرى تەئالا پۈتكۈل ئالەم خەلقىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر، بىزنىمۇ تەڭرىم ساقلايدۇ.

ــ سەن بىزنىڭ چوڭىمىز، سەن نېمىگە بۇيرۇساڭ، بىز شۇنى قىلىمىز، ــ دېيىشتى ئۇلار.

يەملىخا ئۇلارغا:

ــ بىر كۈنى دەقيانۇس شىكارغا بارىدۇ، ئالتە كۈنلۈك يولغا بارغاندىن كېيىن، بىزگە مەسئۇل قىلغان خادىملارغا ئازراق بىر نەرسە بېرەيلى. ئۇلار بىزنى قويۇۋەتسۇن، بىز گوي (توپ) ئويناشنى باھانە قىلىپ مەيدانغا بارايلى، ــ دېدى.

خەۋەرلەردە كەلتۈرۈلۈشىچە، «گوي» (چەۋگان توپ) ئويناش ئەسھابۇل ـ كەھفنىڭ زامانىسىدا پەيدا بولغان، دېيىلىدۇ.

ــ مەن سىلەرگە شۇنداق بىر بەلگە بېرەي، ــ دېدى يەملىخا دوستلىرىغا، ــ بۇ گوي (توپ) نى مەيداندىن ئېلىپ چىقىڭلار، مەن گوينىڭ ئارقىسىدىن باراي، سىلەرمۇ مېنىڭ ئارقامدىن كېلىڭلار، ئەگەر خادىملار مېنىڭ ئارقامدىن كەلسە، بىز ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلايلى، ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتىشنى قوبۇل قىلسا، بىز بىلەن ھەمدەم ـ ھەمراھ بولار، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، شەمشەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ھەممىسىنى ھالاك قىلايلى ـ دە، ئۆزىمىز قاچايلى.

ئۇلار مۇشۇ مەسلىھەتكە كېلىپ ۋەدىلەشتى.

بىر كۈنى، دەقيانۇس ئون كۈنلۈك ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە شاراب تەييارلىتىپ، شىكارغا چىقتى. ئۇ ئالتە غۇلامنى خادىملارغا تاپشۇردى. دەقيانۇس شىكارغا چىقىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يەملىخا بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى خادىملاردىن رۇخسەت سورىدى:

ــ بىزگە رۇخسەت بەرسىڭىز، مەيدانغا چىقىپ بىرەر سائەت گوي سوقۇپ، ئويناپ كىرسەك، ــ دېيىشتى ئۇلار خادىملارغا بىرئاز نەرسىلەرنى بېرىپ. خادىملار پەرمان قىلىپ ئالتە ئاتقا ئالتۇن ئېگەرلەرنى توقۇتتى. يەملىخا دوستلىرى بىلەن يىپەك لىباسلارنى كىيدى. چەۋگانلارنى قوللىرىغا ئالدى ـ دە، مەيدانغا چىقتى. ئۇ خادىملارمۇ ئۇلار بىلەن ئەگىشىپ چىقتى. بىر سائەت گوي سوقۇپ،

چەۋگان ئوينىغان بولدى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن يەملىخا بەلگە بەرگەنىدى، گوينى يەملىخاغا قويۇپ بەردى. يەملىخا گوينى ئېلىپ، مەيداندىن تاشقىرىغا ئاچقىپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ بەش غۇلام يەملىخانىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى. خادىملار قارىسا غۇلاملار كېتىپ بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يوقاۋېتىپتۇ. خادىملارمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، غۇلاملارغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ۋارقىراپ:

— نەگە بارىسىلەر ؟! — دەپ توۋلاشتى. غۇلاملار ئۇلارغا:

— بىز سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلاردىن بىزارمىز، ھەمىشە «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» دەيمىز، — دېيىشتى.

— سىلەر ئاسمان خۇداسىغا ئىبادەت قىلىدىكەنسىلەر، ئەمدى بىز سىلەرنى كەتكىلى قويمايمىز، — دېدى خادىملار. يەملىخا ئۇلارغا:

— ئەي خادىملار، ئىمان كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. خادىملار ئىمان كەلتۈرگىلى ئۇنىمىدى. يەملىخا دوستلىرىنى چاقىردى. ھەممە دوستلىرى شەمشەرلىرىنى سۇغۇرۇپ، خادىملارنى ئارىغا ئالدى - دە، ھەممىسىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە شۇنداق دېيىلىدۇكى، ئۇلار خادىملارنىڭ بېشىغا گۈرزە بىلەن ئۇردى، ھەممىسى ھوشىدىن كەتتى، ئاندىن غۇلاملار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا كىرىشتى.

— بۈگۈن رەسۋا بولدۇق، — دېدى يەملىخا دوستلىرىغا قاراپ، — ئەگەر پادىشاھ بۇ يەرگە يېتىپ كەلسە، ئۇنىڭدىن جېنىمىزنى سالامەت قۇتقۇزۇشىمىز مۈشكۈل.

ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن، ئىنتايىن تېزلىك بىلەن بىر پەس يول يۈردى. ئاندىن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئاتلارنى قويۇپ بېرىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىدى ۋە بىر - بىرىگە: «ئەمدى ناز قىلىدىغان ۋە راھەت كۆرىدىغان كۈنلەر كەتتى. موھتاجلىق ۋە مۇشەققەت چېكىدىغان كۈنلەر كەلدى. خۇدايى تەئالا بىزنىڭ ئاجىز، بىچارىلىكىمىزنى بىلىپ، رەھىم - شەپقەت قىلغاي» دەپ يولغا يۈزلەندى. ئۇلار پىيادە ھالەتتە نۇرغۇن يوللارنى يۈردى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ نازۇكلۇقىدىن پۇتىدا يارا پەيدا بولدى. چۈنكى، ئۇلار ھەرگىز پىيادە يول يۈرۈپ باقمىغانىدى. بەدەنلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، چىدام - تاقەتلىرى چېكىگە يەتتى. ئۇلار بىر سائەت ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىگە سەۋر - تاقەت تىلەشتى. بىر - بىرى بىلەن رىزالىشىپ، بىر - بىرىگە ۋەسىيەتلەر قىلىشتى. ئاندىن يۈزلىرىنى يەرگە قويۇپ: «ئەي تەڭرىم، مەملىكەتتىن ۋە راھەت - پاراغەتتىن كېچىپ، سېنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قاتتىق مېھنەت - مۇشەققەتنى چېكىشنى ئىختىيار قىلدۇق. ئەي تەڭرىم، بىزنىڭ پەريادىمىزغا يەتكىن» دەپ مۇناجات قىلىشتى. ئۇلارنىڭ مۇناجاتىنى ئاڭلىغان ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ يىغلاشتى ۋە: «ئەي پاك تەڭرىم، بىزلەرگە پەرمان قىلغىن، ئۇلارنىڭ پەريادىغا يېتەيلى» دېيىشتى.

تەڭرى تەئالا پەرىشتىلەرگە: «ئەگەر مېنىڭ بەندىلىرىم سىلەردىن ياردەم تىلىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ پەريادىغا سىلەر يېتىڭلار، ئەگەر ئۇلار ماڭا پەرياد قىلغان بولسا، مەن ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئاستا - ئاستا بىر تەرەپ قىلىمەن، ئالدىرىمايمەن» دەپ ۋەھيى قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەملىخا ۋە دوستلىرى ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈشتى - دە، گۆدەك باللارغا ئوخشاش ھەربىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن گۆر قازدى. ئاندىن يەملىخا:

— مەن بۇ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە قاراپ باقاي، بىرەر ئاۋات يەر بارمۇ؟ — دەپ تاغ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ يەردە بىر بۇلاقنى ۋە قويلىرىنى ئوتلىتىپ يۈرگەن چوپاننى كۆردى. يەملىخا

دوستلىرىغا قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— ئەي دوستلار، راھەتتىن ئۈمىد پەيدا بولدى، بىر چوپاننى كۆرۈۋاتىمەن، ھېچ گۇمان يوقكى، ئۇنىڭدا يېگۈدەك تائام بولسا كېرەك، — دېدى. ئۇلار ھەممىسى تاغ ئۈستىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئاچ، ھەممىسىنىڭ ئاياغلىرى يارىدار ئىدى. ئۇلار چوپانغا رۇم تىلىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سالام قىلدى. چوپان مۇلايىملىق ۋە مەرھەمەت بىلەن جاۋاب بەردى.

— بىز ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن تاقەتسىز ھالەتتىمىز، بىزگە بەرگۈدەك تائامىڭ بارمۇ؟ — دېدى يەملىخا. چوپان:

— تائامىم بار، — دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەييار تائامنى قويدى. ئۇلار تائامدىن يېدە، بەدەنلىرىگە كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولدى.

— ئەي يىگىتلەر، — دېدى چوپان شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا، — ئەمدى ماڭا ئۆز ئەھۋالىڭلارنى بايان قىلىڭلار، قەيەردىن كەلدىڭلار، نەگە بارىسىلەر؟ سىلەر كەلگەن بۇ يول كارۋان يولى ئەمەس. ئەگەر سىلەر سىرىڭلارنى ماڭا ئېيتساڭلار، مەن ئىشىڭلارنىڭ ئىلاجىنى قىلاي، سىلەرگە يول كۆرسىتەي، مېنىڭ گۇمان قىلىشىمچە، پادىشاھتىن قاچقاندەك قىلىسىلەر.

— ئەي مەردانە كىشى، بىز سېنىڭ مەرد، ئاقىل كىشى ئىكەنلىكىڭنى بىلدۇق، بىزنىڭ سىرىمىزنى ساقلىغايسەن ۋە ھېچ كىشىگە ئېيتمىغايسەن، — دېدى يەملىخا چوپانغا.

چوپان ئۇنىڭغا:

— غەم يېمە، قورقما، سىرىنى بايان قىلغىن، — دېدى.

— بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، بىز پادىشاھنىڭ غۇلاملىرىدۇرمىز. ئۇنىڭ خۇدالىق داۋاسى قىلىشىدىن بىزارمىز، بىز ئاسمان - زېمىنىنىڭ خۇداسىغا ئىمان كەلتۈردۇق. «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، خۇدا بىردۇر، تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىزدۇر، بىزنىڭ بۇ پادىشاھىمىز بىزلەرگە ئوخشاشلا ئاجىز بىر بەندىدۇر» دەيمىز، — دېدى يەملىخا ئۇنىڭغا. ئاندىن چۆپنىڭ، تائامنىڭ، مۈشۈكنىڭ ھېكايىسىنى چوپانغا بىرمۇ بىر بايان قىلدى.

چوپان يەملىخانىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىشىتىپ، خۇدايى تەئالانىڭ ئىسمىلىرىنى ئاڭلاپ باشقىچە بولدى:

— ھەي يىگىتلەر، سىلەرگە بۇ يولنى كىم ئۆگەتتى؟ — دېدى.

— بىزگە خۇدايى تەئالا ئۆز خەزىنىسىدىن ئەقىل - ئىدراك بەردى، — دېيىشتى ئۇلار، — ئويلىدۇق، تەپەككۇر قىلدۇق، ئەزىز ۋە بۈيۈك تەڭرىنى تونۇدۇق.

چوپان ئېيتتىكى:

— ئەي يىگىتلەر، مېنىڭ بۇ شەھەرنىڭ چوپانلىقىنى قىلىۋاتقىنىمغا قىرىق يىل بولدى. تەڭرى تەئالانىڭ سۆزىنى ھېچ كىشىدىن ئاڭلىمىدىم، مەنمۇ سىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىدىمەن، ئەمدى ئاشكارا قىلدىم ۋە ئاشكارا ئېيتىمەن: لائىلاھە ئىللەللا، خۇدا بىردۇر، يەككە - يېگانىدۇر، مىسلىسىز ۋە تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭ يارەمچىسى ۋە يار - يۆلەكچىسى يوقتۇر.

يەملىخا دوستلىرى بىلەن چوپاندىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈشتى. چوپانمۇ ئۇلارنىڭ قول ۋە پۇتلىرىغا سۆيۈپ:

— جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، مەن سىلەردىن ئايرىلمايمەن، تاقىتىمنىڭ بارىچە سىلەرگە ياردەم بېرىمەن، — دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى سورىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئېيتتى. ئاندىن يەم-

لىخا چوپاننىڭ ئىتىنى سورىدى.

— مېنىڭ ئىتىم ھاۋىل، سىلەر كۆرۈپ تۇرغان بۇ تاغنى ھەجلۇس تېغى دەپ ئاتايدۇ، بۇ تاغدا ناھايىتى چوڭ بىر غار بار، كېچىسى قويلارنى شۇ غارغا سولايمەن. ياز كۈنلىرى بۇ غار ناھايىتى سۆرۈن. سىلەرگە مېنىڭ بىر ھاجىتىم بار، ھاجىتىم شۇكى، سىلەر بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ قويلارنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ كېلەي، — دېدى چوپان. ئۇلار ماقۇل بولۇشتى. چوپان قويلىرىنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ دەرھال ئۇلارنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە يولغا راۋان بولدى. بىر سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن، ئارقىسىغا قارىسا چوپاننىڭ ئىتى كېلىۋېتىپتۇ.

— ئەي ھاۋىل، — دېدى يەملىخا، — ئىتىڭ ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئەگەر بۇ ئىت بىز بىلەن ھەمراھ بولسا، بۇ ئىت كىشىلەرنى كۆرسە قاۋايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلاپ، كېلىپ بىزنى تېپىۋالىدۇ - دە، رەسۋا قىلىدۇ.

— راست ئېيتىسەن، — دېدى چوپان، ئارقىسىغا يېنىپ قولىغا تاشنى ئېلىپ، ئىتنى ئۇرۇپ ياندۇردى.

ئۇلار يەنە بىر پەس يول يۈرگەندىن كېيىن، ئارقىسىغا يەنە قارىغانىدى، ئىتنىڭ يەنە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. چوپان يەنە بىر قېتىم قولىغا تاش ئېلىپ ئىتنى ئۇرۇپ ياندۇرۇۋەتتى.

ئۇلار يەنە بىر پەس يول يۈردى، ئارقىسىغا قارىسا ئىت يەنە كېلىۋېتىپتۇ.

— توختاپ تۇرۇڭلار، — دېدى يەملىخا دوستلىرىغا، ئاندىن چوپانغا قاراپ، — بۇ ئىت ئارقاڭدىن مۇنداق ئەگىشىپ كېلىۋېرىدىغان بولسا، بىزلەر سەن بىلەن ھەمراھ بولالمىغۇدەكمىز، — دېدى.

— ئون ئىككى يىل بولدى، بۇ ئىت قويلار بىلەن بىللە يۈرەتتى، قويلاردىن زادىلا ئايرىلمايتتى. مەن ھەرقانداق يەرگە بارسام ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلىدىغان ئادىتى يوق ئىدى، ئۈچ شىرنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئەمدى قويلاردىن نېمىشقا ئايرىلىپ قالدىكىن ۋە مېنىڭ ئارقامدىن نېمىشقا ئەگىشىپ كېلىدىكىن، بىلمەيمەن. سىلەر راست ئېيتىسىلەر، لېكىن مەن بۇ ئىتنى ئۆلتۈرۈشتىن خىجىل بولىمەن، شۇڭا ئىتنىڭ قېنىنى سىلەرنىڭ تۆكۈشۈڭلارنى لايىق كۆردۈم. ئۇ ئىتنى تاش بىلەن ئۇرۇڭلار. ئەگەر يەنە يانمىسا ئۆلتۈرۈڭلار. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قۇتۇلايلى، — دېدى چوپان.

يەملىخا دوستلىرى بىلەن ئىتنى قەستلەپ ئارقىسىغا ياندى، ئىت ئۇلارنى كۆرۈپ توختاپ تۇردى، ئالتە كىشى ئۇ ئىتنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ، تاشلار بىلەن ئۇردى. شۇ قەدەر قاتتىق ئۇردىكى، ئىت ھوشىدىن كەتتى، ئەمما يولدىن يانمىدى. ئۇلار ئىتنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، شۇ چاغدا تەڭرى تەئالا ئۇ ئىتنىڭ تىلىغا ئازادىلىك بېرىپ، ئۇنى تىلغا كىرگۈزدى. ئىت ئىنتايىن گۈزەل تىل بىلەن مۇنداق دېدى:

— لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ يۇھيى ۋە يۇمىتۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر، ئەي يىگىتلەر، مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسىلەر، سىلەر ئىمان كەلتۈرگەن خۇداغا مەنمۇ ئىمان كەلتۈردۇمغۇ، سىلەر تەلەپ قىلغاننى مەنمۇ تەلەپ قىلىمەن. سىلەر بۇ زالىمنىڭ ۋىلايىتىدىن قاچتىڭلار، مەنمۇ قاچىمەن.

بۇلار ئىتنىڭ سۆزىگە ھەيران قالدى.

— نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆزۈڭلەر بىلەن بىللە ئېلىپ بارمايسىلەر؟ — دېدى ئىت يەنە. ئىتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئىمان ۋە تەۋھىدلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە توغرىلاندى. ئۇلار تەڭرى تەئالاغا شۈكرى قىلىشتى ۋە ئىتتىن:

— ئېيتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. ئېيتىم قەتمىر ، — دېدى ئىت جاۋاب بېرىپ.

خۇدايى تەئالا ئۆزىنىڭ شەرەپلىك كەلامىدا ئۇ ئىت ھەققىدە: «بىز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ئۇ ئىتنىڭ ئىمانى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتتۇق» دەپ خەۋەر بەرگەن. خۇدايى تەئالا ئۆزىنىڭ كەلامىدا يەنە: «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ، ئېيتتى: بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. بىز ئۇنى قويۇپ، ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايمىز. ئەگەر بىز (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار) دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز» ① دەپ پەرمان قىلغان.

ئۇلار خۇدايى تەئالاغا سەجدە قىلدى ۋە ھەمدۇسانالار ئېيتتى. ئاندىن بىر - بىرىگە: «بىز بۇ ئىتنى ناھەق ئۇردۇق، ئۇنىڭغا ناھەق جاپا سالدۇق» دېيىشتى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار ئىتنى ئۇرۇپ ياندۇرماقچى بولدى. لېكىن ئىت يانمىدى. شۇ قەدەر ئۇردىكى، ئىتنىڭ پۇتى سۇندى. شۇنىڭدىن كېيىن، خۇدايى تەئالانىڭ قۇدرىتىنى كۆردى. ئۇلار ئاندىن تاكى غارغا يېتىپ بارغۇچە ئۇ ئىتنى نۆۋەت بىلەن بوينىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى.

غارغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوپان غارنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇ غار ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭ ئىدى. تەڭرىتەئالا ئۇ غار ھەققىدە: «ئۇلار بولسا غارنىڭ (ئوتتۇرىسىدىكى) بوشلۇقتىدۇر» ② دېگەندى. چوپان ئۇ غارغا قويلىرىنى سولايتتى. ئۇ غارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سۇيى تارتىلىپ قۇرۇپ قالغان بىر بۇلاق بار ئىدى. ئۇنىڭ لېۋىدە بىر تۈپ خورما دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغىنىغا زامان ـ زامانلار بولغانىدى، قايتا ياشىرىشىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

ئۇلار غارغا كىرگەندىن كېيىن، بىر سائەتچە ئولتۇردى. ئاندىن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق كۈچەيدى. ئۆيۋاقلىرىدىن ئايرىلغان ۋە پادىشاھتىن يىراققا چۈشكەن يەملىخانىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى بار ئىدى. بۇ ھالەت ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلىپ يىغلاشتى.

— ئەي بۇرادەرلەر، سەۋر قىلىڭلار، پاك ۋە بەرھەق تەڭرى تەئالا بىزلەرنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەرداردۇر، بىزنى تاشلىۋەتمەس، — دەپ تەسەللى بەردى يەملىخا. ئۇلار شۇ يوسۇندا بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشىپ ئولتۇردى. تەڭرى تەئالا جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام قانىتى بىلەن ئۇ بۇلاققا ئۇرغانىدى، دەرھال پاكىز ۋە تاتلىق سۇ چىقتى، سۇ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ دەرەخمۇ ياشاردى ۋە دەرھال خورما چىقىرىپ پىشىپ، تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ بۇلاقنىڭ ئەتراپى يېشىلزارلىق بولدى.

---

① «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 14 ـ ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەملىخا: «بىزنىڭ ئارقىمىزدىن لەشكەر كەلگەن بولمىسۇن» دەپ ئەندىشە قىلىپ، غارنىڭ ئاغزىغا چىقتى. كۆردىكى، بۇلاقنىڭ سۈيى ئېقىپ تۇرۇپتۇ. دەرەخ مېۋىگە كىرىپتۇ. ئۇ بۇلاقنىڭ ئەتراپى يېشىلزارلىق بولۇپتۇ. يەملىخا غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، دوستلىرىغا خەۋەر قىلدى:

— قوپۇڭلار، خۇدايى تەئالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈڭلار !

ھەممىسى قوپۇپ چىقتى ـ دە، ئۇ ئاجايىباتلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھەممىسى سەجدە قىلىپ: «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دەپ، ھەددى ـ ھېسابسىز شۈكرى سانا ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ ساداقەت ۋە ئىخلاسلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئاندىن كېيىن ئۇ خورمىدىن يېدى ۋە غارغا كىردى. تاكى كەچ بولغۇچە خۇدايى تەئالاغا ئىبادەت قىلىشقا مەشغۇل بولدى. كۈن غەربكە يەتكەندە، ھەممىسى ناھايىتى قورقتى. تەڭرى تەئالا ئۇلارغا ئۇيقۇنى غالىب قىلدى، ئۇلار ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئىتمۇ غارنىڭ ئاغزىدا قورسىقىنى يەرگە قويۇپ، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ ئۇخلىدى. غارنىڭ ئاغزىدا ئىتنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقى ھەققىدە ئەزىز، بۈيۈك، قۇدرەتلىك تەڭرى: «ئۇلارنىڭ ئىتى (غارنىڭ) بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ» ① دەپ خەۋەر بەرگەنىدى.

ئۇلار شۇنداق ھالەتتە ئۇخلىغانىدى، ئۇزلىرى ئۇيقۇدا، كۆزلىرى ئوچۇق ئىدى. ئەگەر دەقيانۇس ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلسە، ئۇلارنى ئويغاق ئىكەن، دەپ گۇمان قىلاتتى.

ئاللاھ تەئالا ئۆزىنىڭ كەلامىدا بۇ ھەقتە: «(مۇبادا ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇقلۇقى ۋە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىدىن) ئۇلارنى ئويغاق دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇيقۇدىدۇر» ② دەپ خەۋەر بەرگەنىدى.

شۇ كېچىسى ئۇ ئالتە غۇلامنىڭ قاچقانلىق خەۋىرى دەقيانۇسقا يەتكۈزۈلدى، دەقيانۇس ئىنتايىن غەزەپلەندى:

— مېنىڭ مەملىكىتىمدىن چىقىپ نەگە بارىدۇ، نەگە قاچىدۇ؟ لېكىن ئۇلارنىڭ قېچىشى مەن ئۈچۈن نومۇستۇر. ئۇلارنى تېپىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى سالىمەن، — دېدى دەقيانۇس ۋە شۇ كۈنى شىكاردىن قايتىپ كەلدى. ئەتىسى پۈتكۈل لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن ئاتلىنىپ، غۇلاملارنىڭ ئىزىدىن ئىزدەپ ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇردى، ئۇلارنىڭ ئۇچۇرىنى سورىدى. ھېچ كىشى خەۋەر بەرمىدى. تاكى ئون كۈنگىچە چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئىزدىدى. ھېچ خەۋەر تاپمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەيران بولۇپ، ئىلاجسىز ھالدا يانماقچى بولدى.

دەل شۇ مەھەلدە لەنەت تەگكۈر ئىبلىس بىر قېرى بوۋاي سۈرىتىدە بولۇپ، دەقيانۇسنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— ئەي پادىشاھ، ئۇلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىدىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، — دېدى. دەقيانۇس خۇشال بولۇپ:

— ئەي شەيخ، ئۇلار قەيەردە؟ — دەپ سورىغانىدى، ئىبلىس:

— ئۇلار ھەجلۇس تېغىدىكى غارغا كىرىۋالدى، ئۇلارغا چوپان ۋە ئۇنىڭ ئىتىمۇ ھەمراھتۇر، — دېدى. دەقيانۇس بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەپسۇس شەھرىدە: «پادىشاھ غۇلاملىرىنى تاپتى، ئەمدى ئۇلارنى جازالايدۇ. قېنى قايسى خۇدا

① «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 18 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.

ئۇلارنىڭ پەريادىغا يېتىپ، ئۇلارنى بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزالايدىكەن؟» دەپ جار سېلىنغىلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

پۇتكۇل ئەپسۇس شەھىرىگە سۈرەن ـ چۇقان چۈشتى. بارلىق لەشكەر ۋە خالايىقلار ئۇ غارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. لەنەتگەردى ئىبلىس دەقيانۇسقا يول باشلاپ، غارنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا، تەڭرى تەئالا شامالغا پەرمان قىلدى، شامال پۇتكۇل جاھاننى قاراڭغۇ قىلدى، ئۇششاق تاشلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە ئۇردى. ئۇلار ھەممىسى ھەيران بولۇپ، بىھوش بولۇشتى. دەقيانۇس قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ ئېتىدىن چۈشۈپ غارغا كىردى. ئۇ ئىتنى كۆردى، ئىتنىڭ ئىككى قولىنى سۇنۇپ، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئاندىن ئۇ يىگىتلەرنى كۆردى. ئۇلار كۆزلىرى ئوچۇق ھالەتتە ئۇخلاۋاتاتتى. دەقيانۇس كۆڭلىدە: «بۇلار ئويغاق، مەندىن قورقۇپ جىم يېتىشىۋاتىدۇ، ئەمدى بۇلارغا قانداق ئازابلارنى سېلىشىم كېرەك، ئۇلارنى راھەت ۋە نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن پەرۋىش قىلغانىدىم، بۇلارغا مەندىن ھېچ رەنج ـ ئەلەم يەتمىگەنىدى. ھەمىشە ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكەنىدى. ئەمدى بۇلار راھەت ـ پاراغەتنى قويۇپ، رەنج ـ مۇشەققەتنى تاللاپتۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەتنى خالاپتۇ. ئەمدى بۇلارغا قانداق يوسۇندا ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى قىلاي؟» دەپ ئويلىدى.

دەقيانۇسنىڭ قىرىق نەپەر ئەتىۋارلىق ۋەزىرى بار ئىدى، دەقيانۇس: «غۇلاملارنى قانداق ئازابلىساق بولار» دەپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ئايرىم ـ ئايرىم مەسلىھەت سورىدى. ۋەزىرلەرنىڭ ھەربىرى بىر خىل ئازابنى ئېيتتى، لېكىن دەقيانۇسقا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئېيتقىنى مۇۋاپىق كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبلىسقا قاراپ:

— سەن ماڭا يول باشلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭ، بۇ ھەقتە سەن قانداق دەيسەن؟ — دەپ سورىدى. لەنىتى ئىبلىس:

— ئەي پادشاھ، مەن ساڭا شۇنداق بىر ئازابنى ئۆگىتەيكى، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇ ئازاب ھەققىدە ھەممە خالايىق ھېكايە قىلىشسۇن، — دېدى.

— ئېيتقىن، — دېدى دەقيانۇس.

— بۇ غارنىڭ ئىشىكىگە بىر تاشنى ئېلىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئەتكىن، — دېدى ئىبلىس، — ئاندىن ئۇ تاشقا ئۆزۈڭنىڭ ئېتىڭنى، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ تارىخىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەملىكىتىڭدىن قاچقانلىقىنى پۈتۈك قىلىپ پۈتۈشكە يارلىق چۈشۈرگىن ـ دە، بۇلارغا ئازاب قىلىشتىن قولۇڭنى يىغقىن. ئۇلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆزلىرى ھالاك بولىدۇ، ھەربىر مۇساپىر بۇ يەرگە كەلسە سېنىڭ ئېتىڭنى ۋە تارىخىڭنى ئوقۇپ: «ئۇلارنى غەزەب قىلىپ سولاپ قويۇپتۇ» دېسۇن. قېنى قايسى خۇدا بۇلارنىڭ نالە ـ پەريادىغا يېتىدىكەن؟

دەقيانۇس ئىبلىسنىڭ سۆزلىرىنى ئىشىتىپ خۇشال بولدى. بۇ سۆز ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇۋاپىق كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ غارنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم ئېتىشنى بۇيرۇدى.

تەڭرى تەئالا بۇ ھەقتە: «ئەسھابۇل ـ كەھف ۋە رەقىم (يەنى ئەسھابۇل ـ كەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى» ① دەپ خەۋەر بەرگەن.

دەقيانۇس غار ئالدىدىن يېنىپ كەلدى. ئۇ: «ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدىكىن بىلىپ با-

① «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قاي» دەپ، ھەر ئىككى ـ ئۈچ كۈندە غارنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ بىرەر سائەت تۇرۇپ تاماشا قىلاتتى. ھەرقېتىم كەلسە ئۇ غارنىڭ ئىشىكىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى.

تەڭرى تەئالا بىر پەرىشتىگە پەرمان قىلىپ، ئۇلارنى ساقلاشقا، يەر ئۇنىڭ تېنىنى يارا قىلمىسۇن دەپ ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆرۈپ قويۇشقا، ئۇلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى يېپىپ قويۇشقا مەسئۇل قىلدى. خۇدايى تەئالا: «ئۇلارنى بىر ئوڭ، بىر سول تەرەپكە ئۆرۈپ تۇرىمىز»[1]، «ئۇلار ئۆز غارىدا ئۈچ يۈز توققۇز يىل تۇردى»[2] دەپ بايان قىلغانىدى.

دەقيانۇس ھايات ۋاقتىدا ھەر ئىككى كۈندە ئۇ يەرگە بىر كېلەتتى. ئۇ غار ئۇنىڭ تاماشا قىلىدىغان جايى ئىدى. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن دەقيانۇس ئۆلدى، ئۇنىڭ مەملىكىتىگە باشقا بىرى پادشاھ بولدى. ئۇ پادشاھنىڭ ئېتى ئاتاس بولۇپ، يىگىرمە يىل پادشاھلىق قىلدى. ئاندىن كېيىن خەلق ئىچىدىن پىنھان بولۇشنى ئىختىيار قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، باشقا بىر پادشاھ تەختتە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئېتى دەييۇس ئىدى، ئون سەككىز يىل پادشاھلىق قىلىپ، ئۇمۇ ئۆلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەملىكەت يۇنانلىقلارغا قالدى.

شۇنداق قىلىپ، رۇمنىڭ پادشاھلىقى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ئىككى يۈز قىرىق يىل ۋاقىت ئۆتتى. ھەركۈنى قۇياش شەرق تەرەپتىن چىقسا، ئۇلارنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدىن چىقاتتى. قۇياش ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ سول قول تەرىپىدە ئولتۇراتتى. تەڭرى تەئالا بۇ ھەقتە: «كۈن چىققان چاغدا ئۇلارنىڭ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەن»[3] دەپ خەۋەر بەرگەن.

ئۇ غارنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر تۆشۈكى بار. قۇياش مەشرىقتىن كۆتۈرۈلگەندە، غارنىڭ ئوڭ قول تەرىپىگە يورۇق چۈشىدۇ، قۇياش ئولتۇرسا سول قول تەرەپتە يورۇق قالىدۇ.

دەقيانۇسنىڭ ۋەقەلىرى بولۇپ ئۈچ يۈز توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىدىن تەڭرى تەئالا «تەۋرات»، «ئىنجىل» كىتابلىرىدا بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىگە ئەسلەتمە بەرگەن. ئەگەر، تەڭرى تەئالا ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈرىدۇ، دېيىشسە، ئۇلار ئەسھابۇل ـ كەھفنى كۆرسە بىلىدۇ ۋە قىيامەتنىڭ ھەقلىقىنى، شەكسىزلىكىنى بىلىدۇ ۋە تەستىق قىلىدۇ. ئەسھابۇل ـ كەھفنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلگەن كىشى تەڭرى تەئالانىڭ ھەممە خالايىقنى قانداق تىرىلدۈرگەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

«كەئبۇل ـ ئەخبار» دا شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇلار ناماز بامدات ۋاقتىدا ئۇ غارغا بارغانىدى، ناماز پېشىن بولغاندا، ئۇلاردىن بىرى غاردا تىرىلدى. ئۇ كىشى يەملىخا ئىدى. يەملىخا ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆز دوستلىرىنى چاقىردى، ئۇلارمۇ خۇددى ئۇيقۇلىرىدىن ئويغانغاندەكلا تىرىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى. پاك ۋە يۈكسەك تەڭرى بۇ ھەقتە ئۆز كالامىدا: «ئۇلارنى ئۇخلاتقىنىمىزدەك، (غاردا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى) ئۆزئارا سوراشسۇن دەپ، (ئۆلۈمگە ئوخشاش ئۇزاق ئۇيقۇدىن) ئۇلارنى ئويغاتتۇق»[4] دېگەن.

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 25 ـ ئايەت.
[3] «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 17 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.
[4] «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 19 ـ ئايەت.

ئاندىن كېيىن، يەملىخا غارنىڭ ئىشىكىگە كەلدى، غارنىڭ ئىشىكى تاش ۋە گەج بىلەن مەھكەم قىلىپ ئېتىلگەن بولۇپ، غار ئىشىكىدىكى قوپۇرغان تامنىڭ يېرىمى بۇزۇلغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يەملىخا ھەيران قالدى ۋە: «قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمىزنى تەڭرى تەئالا ئۆزى بىلىدۇ» دېدى كۆڭلىدە.

خۇدايى تەئالا ئۆز كالامىدا بۇ ھەقتە: «ئۇلارنىڭ (بەزىسى) دېدىكى، قانچە ئۇزاق تۇرغانلىقىڭلارنى پەرۋەردىگارىڭلار ئوبدان بىلىدۇ» [1] دەپ بايان قىلغان.

يەملىخا دوستلىرىغا:

— مېنىڭ يېنىمدا دەقيانۇسنىڭ پۇللىرىدىن بار، شەھەردىن قېچىپ چىققاندىم، — دېدى. ئۇلار بىر - بىرىگە:

— بىزنىڭ قورسىقىمىز ئاچ، بىرىمىز شەھەرگە كىرىپ، تاماق ئېلىپ كېلەيلى، — دېيىشتى.

تەڭرى تەئالا ئۆز سۆزىدە بۇ ھەقتە: «(بۇنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ پايدىسى يوق، بىز ھازىر ئاچ)، بىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ تەڭگىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن، ئۇ (شەھەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) ئېھتىيات قىلسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن» [2] دېگەن.

— بىز بۇ كېچە بۇ غاردىن چىقمىز، ئۇنىڭغىچە بىزنى كىشىلەر بىلىپ قالمىسۇن، — دېيىشتى ئۇلار بىر - بىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن چوپانغا قاراپ، — سەن مۇساپىر كىشىسەن، سېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ. بۇ پۇللارنى ئېلىپ بېرىپ، پاكىز تائام ئېلىپ كەلگىن، — دېدى ۋە پۇللارنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. چوپان پۇلنى ئېلىپ، غارنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. غارنىڭ ئىشىكى مەھكەم قىلىپ ئېتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ۋەيران بولغانىدى. ئۇ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق ۋە كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخمۇ قۇرۇپ قالغانىدى. چوپان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، يەنە غارنىڭ ئىچىگە قايتىپ كىردى - دە، دوستلىرىغا بۇ ۋەقەنى بايان قىلدى. ھەممىسى قوپۇپ غارنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەملىخا:

— ئەڭ ياخشىسى مەن باراي، — دېدى چوپانغا، — كىيىمىڭنى ماڭا بەرگىن، مەن كىيىپ شەھەرگە بېرىپ، تائام سېتىۋالغاچ، ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ كېلەي.

چوپان كىيىمىنى يەملىخاغا سېلىپ بەردى، يەملىخا ئۇنى كىيىپ شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، دوستلىرى بولسا غارغا قايتىپ كىردى. يەملىخا كۆڭلىدە: «مۇبادا دەقيانۇسنىڭ ئادەملىرى بولسا، مېنى كۆرۈپ قالارمۇ» دەپ قورقۇپ - قورقۇپ ماڭدى. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگەندە، بىر ئاق ئەلەم كۆرۈندى، ئۇ ئەلەمگە: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ئىيسا رۇھۇللا» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. يەملىخانىڭ نەزىرى ئۇ ئەلەمگە چۈشۈپ ھەيران بولدى. كۆڭلىدە: «بۇ نېمە ئىشتۇر، بىر كېچىدىلا جاھان ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، يا مەن ئۇيقۇدا كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟» دەپ بىر سائەتكىچە قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئاندىن يەنە: «ئويغاق ئوخشايمەن» دەپ ئىككىنچى قېتىم دەرۋازىغا قارىدى. دەرۋازىدىن بىر توپ خالايىق چىقىپ كېلىۋاتاتتى. يەملىخا ئۇلارغا قاراپ:

— ئەي يىگىتلەر، بۇ شەھەرنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەپسۇس، — دېدى ئۇلار جاۋاب بېرىپ. يەملىخا يەنە سورىدى:

— بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى كىم، ئېتى نېمە؟

---

①② «قۇرئان كەرىم»، 18 - سۈرە كەھف، 19 - ئايەت.

— پادىشاھنىڭ ئېتى ئەنقەقۇس، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار. يەملىخا يەنە:
— بۇ ئەلەمگە يېزىلغىنى نېمە خەت؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار جاۋاب بېرىپ:
— خۇدايى تەئالانىڭ ئېتى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتى، — دېدى.
— ئىيسا دېگەن كىم؟ — دەپ سورىدى يەملىخا يەنە. ئۇلار جاۋاب بېرىپ:
— ئىيسا ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ پەيغەمبەرىدۇر، ئۇ خەلقنى خۇدانىڭ يولىغا دەۋەت قىلىدۇ، — دېدى. يەملىخا:
— ئىيسا قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.
— ئىيسانى بەرھەق ۋە بۈيۈك تەڭرى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار.
يەملىخا ئۇلاردىن:
— بۇ شەھەرنىڭ دەقيانۇس ئاتلىق بىر پادىشاھى بار ئىدى، خۇدالىق دەۋاسى قىلاتتى، ئۇنىڭدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار جاۋاب بېرىپ:
— مۇنداق ئاتنى سەن ئېيتىۋاتىسەن، ئەمما بىز ئاڭلاپ باقمىغان، — دېيىشتى.
— ئەي بۇرادەر، — دېدى يەملىخا ئۇلاردىن بىرىگە، — مەن بۇ ۋەقەلەرنى چۈشۈمدە كۆرۈۋاتىمەنمۇ نېمە، مېنى ئۇيقۇدىن ئويغاتقىن.
— مەن سېنى ئويغاق ھالەتتە كۆرۈۋاتىمەن، سەن ئەقلى - ھوشۇڭ بىلەن تۇرۇپ، مەن بىلەن سۆزلىشىۋاتىسەن، — دېدى ئۇ يىگىت.
يەملىخا كۆڭلىدە: «ئەي پاك تەڭرىم، مەن شەھەردىن چىققىلى بىر كېچە بولدى، ھەممە نەرسە مۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ بازارلارنى، مەھەللىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھەممە يەر ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. خەلقمۇ باشقىچە رەڭدە ئۆزگەرگەنىدى. يەملىخا ئەجەبلەنگەن ھالدا، بىر ناۋاينىڭ دۇكىنىغا باردى. نان سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەقيانۇسنىڭ پۇلنى ھەميىنىدىن چىقىرىپ ناۋايغا بەردى. ناۋاي ئۇ پۇلنى كۆرۈپ، تېزلا يەملىخانىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى. يەملىخا ئۇنىڭغا:
— ھەي، مېنىڭ يۈزۈمگە نېمانداق قارايسەن، سەن ئادەم كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟ — دېدى.
— سەن بۇ پۇلنى قەيەردىن ئەكەلدىڭ؟ — دېدى ناۋاي ئۇنىڭغا.
— بۇنداقمۇ ئاتىكاچى ئادەم بولامدۇ؟ — دېدى يەملىخا، — بۇنداق پۇلنى كۆرۈپ باقمىغانمىدىڭ، ياكى مېنى باشقا ۋىلايەتتىن كەلگەن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ بۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ پۇلى، مۇشۇ مەملىكەت پادىشاھى قۇيدۇرغان پۇل.
— مەن بۇ شەھەردە مۇنداق پۇلنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، بۇ قانداقمۇ بۇ مەملىكەت پادىشاھىنىڭ پۇلى بولسۇن، — دېدى ناۋاي يەملىخاغا، — سەن سەھرالىق بولساڭ كېرەك، بىرەر يەردە خەزىنە تېپىۋالغان ئوخشايسەن، بۇ پۇلنىڭ قايسى پادىشاھنىڭ پۇلى ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم.
يەملىخا كىشىلەرگە قاراپ:
— ئەي خالايىق، بۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ پۇلى، مۇشۇ شەھەردىن ئېلىپ چىققانمەن، بۇ پۇلنى دەقيانۇس قۇيدۇرغان، مەن بۇ پۇلنى تېخى تۈنۈگۈنلا شەھەردىن ئېلىپ چىققانىدىم، — دېدى.
ناۋاي دەقيانۇسنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ:

— سەن ئېيتقان بۇ پادىشاھنىڭ ئېتىنى مەن زادىلا ئاڭلاپ باققان ئەمەس، سەن تېخى يەنە بۇ پۇلنى تونۇگۇنلا مۇشۇ شەھەردىن ئېلىپ چىقتىم دەيسەن، سەن بىر ئەقىل ئىگىسى تۇرۇپ، نېمىشقا سۆزنى ئويلاپ ئېيتمايسەن؟ بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئېتى ئەنقەقۇس ئەمەسمۇ؟ سەن تېخى تونۇگۇنلا بۇ شەھەردىن چىقتىم دەيسەن، — دېدى.

ناۋاي دەقىيانۇسنىڭ ئېتىنى راستىنلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭدىن ئۈچ يۈز توقۇز يىل ۋاقىت ئۆتۈپ، جاھان پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن چاغلار ئىدى. دەقىيانۇسنىڭ ۋاقتىدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىغىچە ئەللىك ئالتە پادىشاھ ئۆتكەنىدى.

ناۋاي يەملىخاغا:

— مەن سېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، سەن خەزىنە تېپىۋاپسەن، — دېدى. ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپ تۇرۇۋاتقىنىدا، پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرىدىن بىرىنىڭ كۆزى بۇ يەرگە چۈشتى. كىشىلەر ناۋاينىڭ دۇكىنىنى چۆرىدەپ يىغىلىۋالغانىدى. ياساۋۇل بۇنى كۆرۈپ: «بۇ يەردە نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يەملىخانى تۇتۇۋالدى ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

ئۇ شەھەردە ئىككى پادىشاھ بار ئىدى. بىرى مۇسۇلمان، يەنە بىرى، كۇپپار ئىدى. ئۇ ياساۋۇل مۇسۇلمان پادىشاھنىڭ ئادىمى ئىدى. شۇڭا، يەملىخانى مۇسۇلمان پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. يەملىخانىڭ ۋە پۇلنىڭ ۋەقەلىرىنى پادىشاھقا ئېيتىپ، يەملىخانى ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىردى.

— بۇ پۇلنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ — سورىدى پادىشاھ يەملىخادىن.

— بۇ پۇل ئۆزۈم بىلەن بىللە ئىدى، تونۇگۇن شەھەردىن ئېلىپ چىققانىدىم، — دېدى يەملىخا، — ئەمدى ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن، بىر كېچىدىلا بۇ جاھان مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى پادىشاھ، — سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، راست گەپ قىلغىن، ئەگەر بىر يەردىن خەزىنە تېپىۋالغان بولساڭ، ئۇنىڭ يېرىمى مېنىڭ نېسىۋەمدۇر، ماڭا بەرگىن.

يەملىخا ئېيتتىكى:

— مەن مۇشۇ شەھەرلىك كىشىمەن، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغانمەن، بۇ شەھەردە مېنىڭ ئۆيۋاقلىرىم ۋە پەرزەنتلىرىم بار. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدىكىن بىلمەيمەن، تونۇگۇن بۇ شەھەردىن چىققانىدىم.

يەملىخا قورقۇپ تۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «دەقىيانۇس شىكارغا چىققانچە قايتىپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاۋاتاتتى.

ئۇ پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى، ناھايىتى دانىشمەن، ئاقىل كىشى ئىدى. «ئىنجىل» نى ئوقۇغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ دانىشمەن ۋەزىر «ئەسھابۇل ـ كەھف» نىڭ قىسسىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ، پادىشاھقا مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھىم، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، مەن «ئىنجىل» دا ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇغانمەن، دەقىيانۇسنىڭ ۋاقتىدا ئالتە غۇلام ئۇنىڭدىن قېچىپ غارغا كىرىپ كەتكەنىكەن. ئاقىۋەتتە ئۇلار غاردىن چىقىدۇ ۋە خەلق ئۇلارغا تۆھمەت قىلىدۇ. بۇ كىشى شۇلاردىن بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ۋەزىر شۇنىڭدىن كېيىن، يەملىخاغا قاراپ، ئەھۋال سورىدى:

— ئۆزۈڭنىڭ سىرىنى بىزگە بايان قىلغىن، — دېدى. يەملىخا قورقۇپ ـ قورقۇپ، ئۆزىنىڭ ۋە دەقىيانۇسنىڭ ھېكايىسىنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بايان قىلدى. يەملىخا دەقىيانۇسنى

تېخى بار بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى، شۇڭا قورقۇپ تورۇۋاتاتتى. پادىشاھ يەملىخاغا:

— دەقيانۇسنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە نەچچە قەرنلەر ئۆتتى، هازىر شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلدىكى، خۇدايى تەئالا پەيغەمبەر ۋە كىتاب ئەۋەتتى، ئۇ كىتابنىڭ ئېتى «ئىنجىل» دۇر. بۇ كىتاب خۇدايى تەئالانىڭ بەندىلىرىنى خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ. بىز «ئىنجىل» دا سىلەرنىڭ قىسسىلىرىڭلەرنى ئوقۇغان، — دېدى. يەملىخا:

— مېنىڭ بالا - چاقىلىرىم ۋە ئۆيۈم بار، كېلىڭلار مەن سىلەرگە كۆرسىتەي، — دېدى.

پادىشاھ ۋەزىر ۋە ياساۋۇللارنى يەملىخاغا قوشۇپ ئەۋەتتى. بۇ خەۋەر دەرھاللا تارقىلىپ كەتتى. نۇرغۇن خەلق يەملىخانىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

يەملىخا ھەرقانچە ئىزدەپ ئاختۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆيىنى تاپالمىدى. پۈتكۈل بىنالار ۋە مەھەللىلەر ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. تەڭرى تەئالا جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغا: «بارغىن، بۇ يىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ يولىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكىن» دەپ ۋەھيي قىلدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام دەرھال بىر ياش يىگىت سىياقىدا بولۇپ، يەملىخانىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي يىگىت، نېمىگە ھەيران بولۇپ تورۇۋاتىسەن؟ — دېدى.

— نېمىگە ھەيران بولماي، — دېدى يەملىخا، — بىر كېچىدىلا ھەممە ئالەم ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۆز ئۆيۈمنىڭ يولىنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— كەلگىن ساڭا ئۆيۈڭنى كۆرسىتەي، — دېدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام يەملىخانىڭ ئالدىغا كىرىپ ماڭدى، ئۇلار ئاخىر يەملىخانىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام:

— مانا مۇشۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ، — دېدى - دە، دەرھال غايىب بولدى.

يەملىخا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا، بىرقانچە يىگىت بىلەن بىر بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ. يەملىخا ئۇ بوۋايغا سالام قىلدى ۋە:

— بۇ ئاتا - ئانامدىن مىراس قالغان ئۆيۈم، — دېدى. ئۇ يىگىتلەر يەملىخانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يەملىخا بىلەن ئۇرۇشماقچى بولدى.

— ئۇرۇشماڭلار، — دېدى بوۋاي يىگىتلەرگە، — ئاندىن يەملىخادىن سورىدى، — ئۆزۈڭنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن.

— نېمە دەيمەن؟ — دېدى يەملىخا، — ھەممە يەردە ئۆزۈمنىڭ قىسسىسىنى ئېيتسام، ماڭا ھېچكىم ئىشەنمەيۋاتىدۇ، ھەتتا ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇۋاتىمەن.

— قورقماي ئېيتقىن، مېنىڭ ساڭا مېھىر - مۇھەببىتىم قوزغىلىۋاتىدۇ، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە بىر ھېكمەت باردۇر، — دېدى بوۋاي. يەملىخا ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن - ئاخىرغىچە بايان قىلدى. بوۋاي بۇ ۋەقەلەرنى ئىشىتىپ، ئۆيىگە كىرىپ، بىر سەھىپىنى ئېلىپ چىقتى، ئاندىن ئۇ سەھىپىگە قاراپ، بىر يەملىخانىڭ يۈزىگە قاراپ، بىر ئاھ تارتتى - دە، ھوشىدىن كەتتى. بوۋاي بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

— مەن سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ ئوغلى بولىمەن، سەن مېنىڭ بوۋام ئىكەنسەن، — دېدى ۋە يەملىخانى قۇچاقلاپ كۆپ يىغلىدى.

بوۋاي يەملىخانى ئېلىپ كىردى، يەملىخانىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈۋرۈكى بار ئىدى. بۇ تۈۋرۈك ئارچا ياغىچىدىن ياسالغانىدى.

— بۇ تۈۋرۈكنى مەن قىرىپ ياساپ ئورناتقانىدىم، — دېدى يەملىخا. بۇ تۈۋرۈكنىڭ ئاستىدا ئون بوت ھەميانە بار، ئۇنىڭ ئاستىدا ئون سېرىق بوت بار، ئۇنى دەقيانۇس قويغان.

— مېنىڭ ئاتامىمۇ بار، — دېدى بوۋاي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، — ئۇ شۇقەدەر قېرىپ كەتتەكى، پۇتۇن بەدىنى بوشاپ كەتتى، ئۇنى پاختىغا يۆگەپ زەمبىلگە سېلىپ، قوزۇق ئۇستىگە ئېلىپ قويدۇم، ئۇ ھازىرغىچە تىرىك تۇرۇۋاتىدۇ. ئاتام بۇ قىسسىنى ئانىسىدىن ئاڭلىغانىدىكەن، مەن ئاتامدىن ئاڭلىغانىدىم. ئاتام مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ ئاتام دەقيانۇسنىڭ قولىدىن قاچقان، ئاتامنىڭ ئېتى يەملىخادۇر. ئۇ بەش غۇلام بىلەن بىللە دەقيانۇسنىڭ خاس غۇلاملىرىدىن ئىدى. ئۇلار قېچىپ غارغا كىرىپ كەتكەن. دەقيانۇس ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇلارنى غارغا سولاپ قويغان.»

بوۋاي شۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ، زەمبىلنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئاغزىنى ئاچتى، ئۇ يەردىن بىر قېرى بوۋاينى پاختىنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ چىقتى. خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېڭى بوۋاققا سۈت بەرگەندەك، ئۇنىڭ ئاغزىغا سۈت قۇيدى. پاختا ئىچىدىكى بوۋاي سۈتنى ئىچىپ كۆزىنى ئاچتى ـ دە، يەملىخانىڭ يۈزىگە قاراپ يىغلىدى. ئۇ قېرى بوۋاي يەملىخانىڭ ئوغلى ئىدى. بوۋاي بولسا نەۋرىسى، ياش يىگىتلەر ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى، ئۇلار ھەممىسى يىغلاشتى. يەملىخا تېخى ياپياش ئىدى. تەڭرى تەئالا كىشىلەرنى خۇدايى تەئالانىڭ سۈنئى قۇدرىتىنى ئىنكار قىلمىسۇن، دەپ خالايىققا ئىبرەت ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ياش ساقلىغانىدى.

ھەركىشى «ئەسھابۇل ـ كەھف قىسسىسى» نى ئوقۇسا شۇنى بىلسۇنكى، خۇدايى تەئالا خالىسا بىراۋنى مىڭ يىلغىچە قېرىتماي ساقلىيالايدۇ. بۇنداق ساقلاش بۈيۈك تەڭرىنىڭ ئۆز قۇدرىتىدۇر. ئەگەر ئۇلار قېرىپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇنداق ھېكايىلىرىمۇ بولمىغان بولاتتى.

يەملىخاغا ھەممە ئەھۋاللار شۇ يوسۇندا مەلۇم بولدىكى، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا مەخپىي قالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا ئىلمۇل يەقىن ھاسىل بولدى. ئۇ ئىلمۇل يەقىندىن ئەينۇل يەقىنغە، ئەينۇل يەقىندىن ھەققۇل يەقىنگە تەرەققىي قىلدى. ئۇ ھېسابلاپ شۇنى بىلدىكى، دەقيانۇس ۋاقتىدىن تاكى يەملىخا غاردىن چىققان ۋاقىتقىچە ئۈچ يۈز توققۇز يىل ئۆتۈپتۇ. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن بوت ئىچىدىكى ئالتۇنلارنى چىقىرىۋالدى. ئالتۇننىڭ يېرىمىنى پادىشاھقا بەردى، قالغان يېرىمىنى پەرزەنتلىرىگە بەردى. بۇ خەۋەر شەھەر ئىچىدە ھەممىگە ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل خالايىق يەملىخانىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنى زىيارەت قىلدى. ئاندىن يەملىخانى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ھەممە خالايىق ئۇنى ئىززەتلەپ، ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا سۆيدى. پادىشاھ تەختىدىن چۈشۈپ، يەملىخانى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ، ئەپۇ سورىدى. ئۇ شەھەردە كۇپپارلارمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى.

— ئەي يىگىت مېنىڭ ساڭا بىر ھاجىتىم بار، — دېدى پادىشاھ.

— ئېيتقىن، — دېدى يەملىخا. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ ئەھۋالىڭ ماڭا مەلۇم بولدى، ئەمدى بىزنى دوستلىرىڭنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغىن، سېنىڭ دوستلىرىڭنىمۇ كۆرۈپ زىيارەت قىلايلى، — دېدى. يەملىخا:

— بولىدۇ، — دېدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بىر داستىخاندا نان ۋە نان خۇرۇچ ئېلىپ يول-

غا راۋان بولدى. پادىشاھ پۈتكۈل لەشكەرلىرى بىلەن ھەجلۇس تېغىغا باردى. ئۇلار تاغنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەملىخا پادىشاھقا ئېيتتىكى:

— ئەي پادىشاھ، بۇ سىرلار ماڭا مەلۇم بولدى. خۇدايى تەئالا بىزنى بۇ جاھان خەلقىگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ساقلاپتۇ. لېكىن، مېنىڭ دوستلىرىم بۇ سىرلاردىن تېخى خەۋەرسىز. ئەگەر ئۇلار بۇنچىۋالا لەشكەرنى كۆرسە، قورقۇپ ئۆتى يېرىلىشى مۇمكىن.

— ئۇنداقتا، سېنىڭ پەرمانىڭ قانداق؟ — دېدى پادىشاھ. يەملىخا:

— سىلەر بۇ تاغنىڭ ئۈستىدە توختاپ تۇرۇڭلار، مەن يالغۇز بېرىپ بۇ ئەھۋاللارنى دوستلىرىمغا خەۋەر قىلاي، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭلارنى ئۇلارغا ئېيتاي، بۇ قىسسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق ئېيتىپ، يەنە بۇ جاھاننىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى، ئاللاھنىڭ «ئىنجىل» كىتابىنى ئەۋەتكەنلىكىنى ھەممىسىگە بايان قىلاي، — دېدى. پادىشاھ:

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى - دە، تاغ تۆپىسىدە ساقلاپ قالدى.

يەملىخا تاغ ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ غارغا كىردى. يەملىخانىڭ دوستلىرى ئۇنى كۆرۈپ ھەممىسى يۈزلىرىنى يەرگە قويۇپ:

— نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ كەلدىڭ، بىز كۆڭلىمىزدە سېنى دەقيانۇس تۇتۇۋالغان ئوخشايدۇ دەپ، ئەندىشىدە ھالىمىز خاراب بولدى، — دېيىشتى.

— دەقيانۇس نەدە قالسۇن، — دېدى يەملىخا. بىز ئۇخلىغىلى ئۈچ يۈز توققۇز يىل بولۇپتۇ، دەقيانۇس ئۆلۈپتۇ، دەقيانۇستىن كېيىن يەنە نەچچە پادىشاھلا ئۆتۈپتۇ، نەچچە قۇۋملەرمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۇ جاھان نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپتۇ.

يەملىخا شۇلارنى ئېيتقاندىن، كېيىن ئۆزىگە مەلۇم بولغان ھەقىقىي ئەھۋاللارنى دوستلىرىغا سۆزلەپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ «ئىنجىل» كىتابىنى ئەۋەتكەنلىكىنىمۇ تولۇق بايان قىلدى. ئاندىن يەنە:

— بىزنى خۇدايى تەئالا ئالەم خەلقىگە ئىبرەت ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. مانا ھازىر بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن كەلدى. يۈزمىڭلاپ خالايىقمۇ بىللە كەلدى. ئۇلار سىلەرنى زىيارەت قىلماقچى. ئەمدى سىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار:

— سەن بىزنىڭ چوڭىمىز، نېمىنى خالىساڭ، شۇنىڭغا بۇيرۇغىن، بىز ئۇنى بەجا كەلتۈرىمىز، — دېيىشتى. يەملىخا:

— مەن بىزنىڭ ھەققىمىزدە جاھانغا پىتنە - پاسات تارقىلىپ، بىزلەرنى خۇدايى تەئالانىڭ ئىبادىتىدىن ياندۇرۇپ، بىزگە زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقىمەن. مەن ھازىرغىچە كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە ئېيتتىم، سىلەرنى ئاگاھلاندۇردۇم، — دېدى.

— بىز زىيان - زەخمەتتىن قېچىپ، بۇ يەرگە كەلگەن، بىزنىڭ بۇ جاھانغا مەيلىمىز يوق، — دېيىشتى يەملىخانىڭ دوستلىرى. ئاندىن ئۇلار ئېلىپ كەلگەن تائامدىن تويغۇدەك يېيىشتى ۋە باشلىرىنى سەجدىگە قويدى، — كېلىڭلار، دۇئا قىلايلى، تەڭرى تەئالا جانلىرىمىزنى ئالسۇن، بىزگە بۇ دۇنيا لازىم ئەمەس، — باشلىرىنى سەجدىگە قويۇپ، ھەربىرى خۇدايى تەئالانىڭ ئىسىملىرىنى ئوقۇپ، دۇئا قىلىشتى: «ئەي پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىزنىڭ سىرلىرىمىزغا ئۆزۈڭ داناسەن، بىزنىڭ بۇ دۇنياغا مەيلىمىز يوق، بىزگە تىرىكلىكنىڭ لازىمى يوق» دېيىش-

تى. تەڭرى تەئالا دەرھال ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى، ئەزرائىلغا پەرمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالدى. ئۇلار خۇدايى تەئالانىڭ رەھمىتى بىلەن بېھىشكە كىردى.

ئۇ پادىشاھ ھەممە لەشكەرلىرى ۋە خالايىقلار بىلەن غارغا باردى. يېقىن يەتكەندە، شۇنداق بىر قورقۇنچلۇق غارنى كۆردىكى، ھېچكىمنىڭ ئۇ يەرگە كىرىشكە جۈرئىتى يوق ئىدى. تەڭرى تەئالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالدى، ئۇلار غارغا كىرەلمىدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە، پادىشاھ يەملىخا بىلەن بىرگە باردى، دېيىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇ غار شۇ چاغدا غايىب بولدى، دەيدۇ.

پادىشاھ غارغا كىرەلمىگەندىكىن:

— بۇ غارغا بىر بەلگە ئورنىتىش كېرەك، ئالەم خەلقىدىن بۇ يەرگە كەلگەنلەر مۇشۇ بەلگىدىن غارنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلسۇن، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى، تارىخىنى، يىللىرىنى، دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدا يەتتە كىشىنىڭ بۇ غارغا كىرگەنلىكى ۋە كېيىنكى ۋاقىتتا چىققانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشقا يازدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، كۇپار پادىشاھى كېلىپ: «بۇ يىگىتلەر بىزنىڭ كىشىلىرىمىزدىن ئىدى» دەپ، مۇسۇلمان پادىشاھ بىلەن جەڭ قىلدى.

تەڭرى تەئالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن غارنىڭ ئالدىدا مەسچىت بىنا قىلدى، تەڭرى تەئالا بۇ ھەقتە: «گېپى ئۆتىدىغان باشلىقلار، يەنى پادىشاھ ۋە شەھەر كاتتىۋاشلىرى: غارنىڭ ئەتراپىغا يەنى غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا) ئەلۋەتتە بىر مەسچىت سالايلى، دېدى»① دەپ بايان قىلغاندى.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، يەملىخا غارغا كىردى، پادىشاھمۇ يەملىخانىڭ ئارقىسىدىن كىردى، پادىشاھ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سەجدىگە قويۇپ، جان بەرگەنلىكلىرىنى كۆردى. پادىشاھ كېپەن تىكىدىغانلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى كېپەنلەشنى بۇيرۇدى. ئۇلارنى كېپەنلەپ، تاۋۇتقا سېلىپ، تاۋۇتلارنى زىننەتلىدى. شۇ كېچىسى مۇسۇلمان پادىشاھ چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇلار پادىشاھقا: «سەن بىلمەمسەن، بىزلەرنى تاۋۇتقا سېلىشىنىڭ لازىمى يوق» دېدى. ئەتىسى ئۇلارنى تاۋۇتتىن چىقىرىۋېلىپ، ئۇ غارغا ئېلىپ كىرىپ، بىر يەردە تەختنىڭ ئۈستىدە قويدى. ئاندىن يېنىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، غارنىڭ تۆشۈكى پۈتۈپ قالدى.

مۇھەممەد ئىبنى جەرىر: «تارىخى تەبەري»دە شۇنداق نەقىل كەلتۈرۈپتۇركى: ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدىن نوھ ئەلەيھىسسالام ۋاقتىغىچە بىر مىڭ بىر يۈز قىرىق يىل ئۆتۈپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاقتىغىچە بەش يۈز ئاتمىش بەش يىل ئۆتۈپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدىن داۋۇت ئەلەيھىسسالام ۋاقتىغىچە بەش يۈز يەتمىش توققۇز يىل ئۆتۈپتۇ. داۋۇت ئەھىسسالام ۋاقتىدىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋاقتىغىچە بىر مىڭ ئەللىك يىل ئۆتۈپتۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدىن بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ ۋاقىتلىرىغىچە ئۈچ يۈز يىل ئۆتۈپتۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىن پەيغەمبەرلەر خوجىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقىتلىرىغىچە جەمئىي ئالتە مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز ئالتە يىل ئۆتۈپتۇ.

① «قۇرئان كەرىم»، 18 - سۈرە كەھف، 21 - ئايەتنىڭ ئاخىر قىسمى.

يەنە بىر رىۋايەتتە كەلتۈرۈلۈشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرىغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ــ ئاللاھ تەئالادىن: «ئەسھابۇل ـ كەھفنى بىزلەرگە كۆرسەتكەن بولساڭ» دەپ تىلىدى. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى: «ئەي مۇھەممەد، سەن ئۇلارنى بۇ دۇنيادا كۆرەلمەيسەن، لېكىن ئۆزۈڭنىڭ تاللانغان كىشىلىرىڭدىن تۆت كىشىنى ئەۋەتكىن، ئۇلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئۇلارغا يەتكۈزسۇن ۋە ئۇلارنى سېنىڭ دىنىڭغا دەۋەت قىلسۇن» دەپ ۋەھيى قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن: «ئۇلارغا قانداق كىشىنى ئەۋەتسەم بولار؟» دەپ سورىغانىدى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام: «ئەي تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، ئۆزۈڭنىڭ گىلىمىنى ئېچىپ سالغىن، ئەبۇ بەكرى ــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ نى گىلەمنىڭ بىر بۇرجىكىدە، ئۆمەر ــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ نى گىلەمنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدە، ئوسمان ــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ نى يەنە بىر بۇرجىكىدە، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ــ نى گىلەمنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرغۇزۇپ، شامالغا ئېيتقىن، بۇلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئاشۇ غارنىڭ ئىشىكىدە قويسۇن، ــ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلدى. كائىنات خوجىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرى غارنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى، ئۇ غارنىڭ ئىشىكىدىكى تاشنى قومۇردى، غار ئىچىگە يورۇقلۇق چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىت ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ قوپتى. لېكىن ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىت توختاپ بېشى بىلەن: «كېلىڭلار» دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇلار غارغا كىردى. خۇدايى تەئالا ئۇلارغا جان بەردى. تۆت يار ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى. ئۇلار پەمغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرىغا جاۋاب سالام قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارانلىرى ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇللاھ ئىبنى ئەبدۇلمۇتتەلىب ئەرەبىي سىلەرگە سالام ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار ئوبدان تەزىم قىلىپ جاۋاب بەردى. پەمغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرى ئەسھابۇل ـ كەھفلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ سۆزلەشتى. ئۇلار: «بىزنىڭ سالامىمىزنى مۇھەممەد مۇستەفا ــ ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ــ غا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار» دېدى ـ دە، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇلار ئىلگىرى قانداق ئۇخلىغان بولسا، يەنە شۇنداق ئۇخلاپ قالدى، تاكى قىيامەتكىچە شۇنداق ئۇخلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستلىرى غاردىن چىقتى، گىلەمدە ئولتۇردى، شامال ئۇلارنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى، ئۇلار ئەسھابۇل ـ كەھفنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ياخشى دۇئالار قىلدى.

ئىبنى ئەبباس ــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي، ــ مۇنداق دەيدۇ:

رۇم سەھراسىدا يۈرەتتىم، ئەسھابۇل ـ كەھف بار تاغدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق، مۇئاۋىييە: «ئەسھابۇل ـ كەھفنى كۆرسەك قانداق بولار؟» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «سەن ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن، ئۇلۇغ تەڭرى سېنىڭدىن ئۇلۇغراق، سېنىڭدىنمۇ ياخشىراق، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ياخشىسى ۋە سەرۋىرى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىمۇ ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشتىن توسقان، تەڭرى تەئالا ئۆزىنىڭ شەرەپلىك سۆزىدە: ‹ئەگەر ئۇلارنى كۆرىدىغان بولساڭ ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قاتتىق قورقۇپ، يۈز ئۆرۈپ چوقۇم قاچقان بولاتتىڭ›[①] دەپ خەۋەر بەرگەن» دېدىم. مۇئاۋىييە: «ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگۈچە يانمايمەن»

① «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 18 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

دەپ بىر توپ كىشىلەرنى چاقىرىپ: «سىلەر بېرىپ ئۇلارنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېلىڭلار» دەپ ئەۋەتتى. مۇئاۋىيىنىڭ ئەۋەتكەن كىشىلىرى غارنىڭ ئىشىكىگە باردى. خۇدايى تەئالا بىر بوران چىقارغانىدى، ئۇلارنى يىراققا ئېلىپ بېرىپ تاشلىدى.

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلى رامىزان ئېيىنىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى يېزىپ تامام قىلىنغان.

تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى بۇ «تەزكىرەئى ئەسھابۇل - كەھف» نى سەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، تۇيۇقتا ھەمدۇللا قارى ھاجى ئاخۇنۇمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى فىدائىمۇھەممەد مەخدۇمنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن بۇ تەزكىرىنى پۈتۈپ شۇ يىلى رامىزاننىڭ بېشىدا پەيشەنبە پەرز بولغان مۇشۇ روزىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى قەدىر كېچىسى تامام قىلغان. بۇ تەزكىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئوقۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە سەنئىتىنى كۆرۈپ يەتكەي.

بىسمىللاھىر-رەھمانىر-رەھىم

خۇدا ھەمدىنى دەرمەن مەخزەنى دۇررۇ گوھەردۇر بۇ،
قىلۇردا خۇش نەۋالىق تۇتىئى جانغە شەكەردۇر بۇ،
تۆكۈلگەن قۇدس باغى شاخسارىدىن سەمەردۇر بۇ،
ئەزەل ئىقلىمىدىن شاھەنشەھى قىلغان سەفەردۇر بۇ،
ھەمە ئەشيادا جارى تا ئەبەت بەھرۇد - دۇرەردۇر بۇ.

خۇدايى كىم تەئەققۇل مۇمتەنەئدۇر فاك زاتىدىن،
تەسەۋۋۇر نۇقسى ھەيرەت ھەم كەمالاتى سىفاتىدىن،
نە مىسلۇ زېھنى يا خارىجدادۇر ئىلمى ھەياتىدىن،
تاپىپدۇر ۋاجىب ئاسارىنى مۇمكىن ياخشى ئاتىدىن،
مۇسەررىف زاھىرۇ باتىن، مۇدەببىر بەھرۇ بەردۇر بۇ.

تەفەككۇر قىل، نەئىشلار ئول شەھى زۇلكىبرىيا قىلمىش،
زۇھۇرى رەھمەتى كۇففار ئىچىدىن ئەنبىيا قىلمىش،
ياشىل ئوتتىن قىزىل ئوت ياندۇرۇپ، گۇل ئوت ئارا قىلمىش،
بالىق سۇدا، سەمەندەر ئوتدە، قەقنۇس كۇلدە جا قىلمىش،
ۋۇجۇدۇڭ تۆرت زىددىن ھېكمىتى قىلغان بەشەردۇردۇر.

كەمالى قۇدرەتىنى كۆر، ئاڭا تۇز قىل تەۋەككۇلنى،
فەلەك ئەيۋانىدا ئەنجۇمنى، يەر مەيدانىدا گۇلنى،
تەزەللۇل شاھلاردە ھەم، گەدالاردە تەجەممۇلنى،

چەمەندە كۈلدۈرۈپ لالە، نېچۈك يىغلاتتى بۇلبۇلنى،
ئاغىزدا پارەئى تىل، دەفتەرى ئىلمۇ ھۇنەردۇر بۇ.

زەمىنۇ ئاسماندۇر قۇدرەتىغە دانەئى خەردىل،
نىزامى كارگاھى ۋەھدەتىغە شاھىدۇ ئادىل،
ئەمەستۇر كۆرمەكىگە زەررىنى توققۇز فەلەك ھايىل،
ھەزىن زارى زەئىف سەۋتىنى ئاڭلاردىن ئەمەس غافىل،
تەئالەللاھ، نەيەڭلىغ قۇدرەتى سەمئۇ بەسەردۇر بۇ.

جەنابى ھەق تەنەززۇھ ھەم تەئەززۇزدا ئىدى ئەئلا،
ۋەسىلە ئەنبىيا قىلدىيۇ ئالەم ئەھلىغە ئەقۋا،
خۇسۇسەن ئول ھەبىبى ساھىبى «قەۋسەينۇ ئەۋئەدنا»،
مۇقىمى «لىمەئەللاھ»، مەھرەمى ئەسرارى «ما ئەۋھا»،
رىسالەت خەيرى سۇلتانى، جاھانغە زىبى فەردۇر بۇ.

تىفەيلىدىن ياراتتى جۇملە مەۋجۇداتنى مەئبۇد،
زەمىنۇ ئاسمان خەلقىدىن ئول مەھبۇب ئىدى مەقسۇد،
مۇھىببىغە بىھىشت، مۇنكىرغە دەۋزەخ ئەيلەدى مەۋجۇد،
شەفائاتىدىن ئىككى ئالەم ئەھلى تاپتىلار بىھبۇد،
سىفاتى زاتى مىرئاتى زىھى ئالىي نەزەردۇر بۇ.

ۋىسالى تالىبى سۇبھان شەبىستانى بولۇپ مىئھراج،
بۇراقى نەئلىنى سەييارەلەر باشىغە قىلدى تاج،
يولىدە ھاجىبى پەيكى مەلائىك قىلدىلار ئەفھاج،
گۇرۇھى ئەنبىيا ھەم بىر قىيا باقماقىغە موھتاج،
زىيائى گۇلشەنى ئەفلاك ھەم شەمسۇ قەمەردۇر بۇ.

مەشامى ئەھلى دىل سەندىن مۇئەتتەر، يا رەسۇلىللاھ،
زەلامى ئابۇ گىل سەندىن مۇنەۋۋەر، يا رەسۇلىللاھ،
كەلامى خەلق نەئتىڭدىن مۇقەسسەر، يا رەسۇلىللاھ،
تەمامى تىل دۇرۇدۇڭدىن مۇتەھھەر، يا رەسۇلىللاھ،
ھىمامى ئەرش، ئىمامى فەرشغە زىكرى سەھەردۇر بۇ.

خۇدايا، بىنەھايەت رەھمەتۇ، تەسلىمى بىغايەت،
ھەبىبى رۇھى پاكىنىڭ، جىسمى ئەئزاسىغە قىل ۋۇسلەت،
ھەمە ئەل سۇھبەتى، جانلار نىسار ئەتتى قىلىپ ھىجرەت،

جۇدايى خانىمان ئەيلەپ، ئۇلاركىم قىلدىلار نۇسرەت،
سىيادەت مەشئەلىدۇر ئۇ، نۇجۇمى راھبەردۇر بۇ.

خۇسۇس ئول يارى ئەۋۋەلكىم، رەفىقى غار ھەم سىددىق،
زىيادە ئېردى بۇ مەجمۇئى ئۇممەتدىن ئاڭا تەسدىق،
ئىككىنچى نايىبى فارۇقى ئەئزەم ئېردى بىتتەھقىق،
يۇرۇتتى دەھرىنى شەرئى ئەدالەتتە قىلىپ تەدقىق،
خەلىفە تاجىۋەردۇر ئۇ، شەھەنشەھ دادىگەردۇر بۇ.

ئۈچىنچى جا نىشىنى مەنبەئى ئىلمۇ ھەيا، ئىھسان،
ئاتى ئۇسمانى زۇننۇرەيندۇر ھەم جامىئۇلقۇرئان،
يەنە قايىم مەقامى مۇرتەزا ئېردى شەھى مەردان،
مەدىنە ئىلمى بابى رازدانۇ مۇسھەفى ئىرفان،
سەخاۋەت مەئدەنىدۇر [ئۇ] ، غەزاددا شىرى نەردۇر بۇ.

دېيىلدى چۇن سىپاسى كىردى گارۇ نەئت ھەم ئەلقاب،
قىلاي تەۋفىقى بىرلە نەزم مەدھى ھەزرەتى ئەسھاب،
جەھان ئارايىشىدۇر ھەم زەمان ئاسايىشى ئەقتاب،
رىيازى جان [ئۇلار] ئابى ھەياتى فەيزىدىن سىيراب،
خەۋاسۇ ئەتقىياۋۇ ئەۋلىياغە تاجى سەردۇر بۇ.

ئۇلۇسغە كەئبە ياڭلىغ قىبلەئى ھاجات بۇ دەرگاھ،
شۇھۇت ئىچرە نېچۇككىم تۇر تاغىدا كەلىمۇللاھ،
تېنى فانىدا، رۇھى باقى ئېرمىش بارچەدىن ئاگاھ،
نېكىم مەقسۇدىدۇر ھاسىل بۇلۇر موھتاجغە دىلخاھ،
تۇشۇپ خىزمەت ئۇچۇن دائىم مەلائىككە مەقەردۇر بۇ.

كېلىپ شەئنىدە «زىدناھۇم ھۇدا» ئاياتى قۇرئانى،
يېتىپ غەمگىنۇ ئاجىزلارغە دائىم لۇتفۇ ئىھسانى،
ئىنايەت بەسكى قىلمىش ئەلگە بۇ ئەلتافى رەببانى،
مۇبارەك ئىسمىنى دەرلەر ۋەلايەت ئەھلى سۇلتانى،
پەناھ خاسۇ ئامۇ پادشاھى خۇشكۇ تەردۇر بۇ.

ئالىپ بەزمىدە ئەقداھ فەرەھنۇش ئەيلەگەن ئۇششاق،
نىيازى مەسكەنەت غارىغە يۈز قويمىش ئىدى مۇشتاق،
ۋەلى جامى مۇھەببەت مەستلىكدىن قويمادى ئويغاق،

ۋىسال ئويىقۇسىدا ئۇششاق ئېرۇر، تۇفراقىغە ئۇچماق،
نە ئويىقۇ، تەنگە رۇھى قۇدسى سەكرىدىن ئەسەردۇر بۇ.

كەلامى ھەقدە «مەن ئاياتىنا» كۆر، نې ئىزافەتدۇر،
بۇ تەخسىس ئەيلەگەندىن زاتى پاكىغە ئىشارەتدۇر،
نىشاننى بىنىشاننى مۇندىن ئىستەرگە دەلالەتدۇر،
قىلۇرغە مەدھىنى ھەم مەندەك ئەسفەلغە خىجالەتدۇر،
نەدىنكىم ۋەسفىدە ئايات، بەس ئەئلا خەبەردۇر بۇ.

بىرەۋكىم باتىنىدۇر ماھى ئېرفان نۇرىدىن تابان،
بەسىرەت ئەھلى زاھىر زۇلمەتىن بولماس ئاڭا نۇقسان،
جەمالى جان فەزاسىنى مەگەر ھەق ئەيلەمىش پىنھان،
كەمالى ھۇسنى رۇھىنى نە بىلگەي مەن كەبى نادان،
بەلەن ئۇچماقغە ھەربىر مويى گويا بالۇ پەردۇر بۇ.

كەراماتى غەرىب ئىشكىدە زاھىر بەلكى ئىئجازى،
مۇتابىئ كەلبەھۇم باسىت زەرائىيە بولدى ھەمرازى،
كەرەمدىن ھەق تەئالادىن كەمەندى ئىشق ئەندازى،
تېنى خالىنى قىلدى رۇھى مەھۇەش ھۇسنى پەرۋازى،
ئاتى قەتمىر، ئىشى نادىر، ئەجايىب نامۇەردۇر بۇ.

ياپپىتۇر ئاستانىن بىر مۇزەييەن گۇنبەزى خەزرا،
مۇنەققەش سەقفى فەسھەت، نۇزھەتىدۇر مەسجىدى ئەقسا،
ھەمە ئەتراف تاكى ئابى پاكۇ سافۇ دىل ئارا،
لەزىز ئەسمار بىرلە باغۇ راغى جەننەتۇلمەئۋا،
زىيارەت ئەھلىغە لۇتفىدىن ئولغان ماھزەردۇر بۇ.

جەنابىڭدىن ئۇمىدى رەھم كۆپ، ئەي ۋاجىدانى ھەق،
ئەنانىيەت يەقاسىن چاك قىلغان ئاشىقانى ھەق،
بۇدۇر ئەھمەد قۇسۇرى ھاجەتى، ئەي ئارىفانى ھەق،
كۆتەرسە رىشتەئى ئىمداد بىرلەر دوستانى ھەق،
يىقىلغان بىر سەگى كەركىن، گۇرۇسنە دەربەدەردۇر بۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)



# خەمسە تەقلىدلىرى ①



تۇختاسىن جالالوۋ

## لەيلى ۋە مەجنۇن

سۆزنى نېچە كىم ئۇزاتتىم ئاخىر،
يىغلاي ـ يىغلاي تۈگەتتىم ئاخىر...

(بۇ ماتەمنامىنى قانچىلىك سوزغان بولسام، شۇنچە ماتەم ئىچىدە بولدۇم، نىھايەت، يىغلاپ ـ يىغلاپ تۈگەتتىم.)

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى شەرق خەلقلىرى فولكلورلىرىنىڭ ئەڭ نادىر نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەببەت ئەلەملىرىدە كۆيگەن، جۇدالىق ئوتلىرىدا پۇچىلانغان بۇ بەختسىز ئاشىقلارنىڭ ھېكايىسىنى قىزغىن ئىشتىياق ۋە سۆيۈنۈش بىلەن ئوقۇمىغان، ئاڭلىمىغان ئادەم ئېھتىمال يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە تېپىلماس. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بىباھا گۆھىرى بولغان بۇ ئاجايىپ داستاننى مىڭ يىللار داۋامىدا ساقلاپ، قارا كۈنلەرنىڭ ئەلەملىك يادىكارى سۈپىتىدە بىزگە — بەختلىك بالىلىرىغا سوۋغا قىلدى.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى ئۆتمۈشتە ئەركىن كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە سۆيگۈگە يول يوقلۇقىنى، ئادىمىيلىك شان ـ شەرىپى ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى، دەۋر سەۋىيىسىدىن ھالقىغان كىشىنىڭ بېشىغا تۆھمەت تاشلىرى ياغدۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

شەرقتە يېتىشكەن ئۇستاز يازغۇچىلار بۇ ئاجايىپ ئەپسانىگە ئېتىبارسىز قاراپ تۇرالمىغاندى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى كەڭ خەلق ئارىسىغا تارقالغان «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ ۋەقەلىكىدىن ئۆز غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا پايدىلىنىشقا ئۇرۇنغانىدى. «لەيلى ۋە مەجنۇن» ئەپسانىسىنىڭ ۋەقەلىكىدە دەسلەپتە ئەسەر يازغان، ئۇنى يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرگەن كىشى ئەزەربەيجاننىڭ مەشھۇر شائىرى نىزامى بولدى (نىزامى ئۆز ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان). نىزامىدىن كېيىن 750 يىل داۋامىدا 19 نەپەر ھىندى ۋە ئىران شائىرى شۇ مەزمۇندا داستان

① بېشى ئالدىنقى ساندا.

يېزىشتى. مەسىلەن: خۇسراۋ دېھلېۋى، ھاتەفى سۇھەيلى ۋە باشقىلار.

تۈركىي تىلدا دەسلەپتە «لەيلى ۋە مەجنۇن» ۋەقەلىكىدە ئەسەر يازغان كىشى تۈركىي مىللەتلەر پوئېزىيىسىنىڭ ئاتىسى ئەلىشىر نەۋائىي بولدى. نەۋائىي بۇ مەزمۇندا ئەسەر يازغان كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسى بولمىغىنىدەك، ئاخىرقىسىمۇ ئەمەس. نەۋائىيدىن كېيىن تۈركىي تىلدا فۇزۇلىنىڭ مەشھۇر «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى ئوتتۇرىغا چىقتى. چىقتى. 19 ـ ئەسىردە قوقان خانى مەئەدەلىخان «لەيلى ۋە مەجنۇن» ناملىق گۈزەل بىر داستان يېزىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئەسەرنى تۈگىتەلمەي ھالاك بولدى. 19 ـ ئەسىردە بىرمۇنچە تۈركىي تىللىق يازغۇچىلار نەۋائىيغا تەقلىد قىلىپ، «لەيلى ۋە مەجنۇن»نى نەسرىي شەكىلدە يېزىپ چىقتى. ئوتتۇزلاپ يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان «لەيلى ۋە مەجنۇن» مەزمۇنىدىكى بۇ داستانلار بىر پىكىرنىڭ تەكرارلىنىشىۋېرىشىدىن ئىبارەت ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھەربىر يازغۇچى بۇ رەنج، ئەلەم چەككۈچى ئاشىقلارنىڭ قايغۇلۇق سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرى ياشىغان دەۋرنىڭ ۋەقەلىكىنى ئىپادىلەشكە تىرىشقان، نەۋائىي ئېيتقاندەك، «ئەپسانە ئاڭا يارىشىملىق لىباس» ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان. «لەيلى ۋە مەجنۇن» نامىدا يېزىلغان بۇ داستانلاردا مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ۋە ئۇنى تەسۋىرلەشتىلا ئەمەس، بەلكى مەزمۇنىنىڭ ئۆزىدىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان جەھەتلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. كېيىنكى يازغۇچىلار بۇ مەزمۇنغا ئۆزلىرىدىن بىر مۇنچە ۋەقەلەرنى قوشۇپ، ئۇنى بېيىتقان. نەۋائىي بولسا بۇنداقلارنىڭ يۇقىرى چوققىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەۋائىي ئۆز داستانىنىڭ شۇ مەزمۇندىكى باشقا داستانلار بىلەن بولغان پەرقى ۋە خاراكتېرىنى تۆۋەندىكىچە مۇئەييەنلەشتۈرگەن:

لېك ئۇلغۇسى دەردۇ سوزى① كۆپراق،
ھەنگامەئى دىلفۇرۇزى② كۆپراق.
ئول يان گۈلۈ سۇنبۇل ئولسە مەۋجۇد،
سەن ئوت ياققۇڭ، ئەيان قىلىپ دۇد.
كۆرسەڭ ئول يان دۇررى يىگانە،
سەن قىلغۇڭ كۆز ياشىنى دانە.
بولسە ئول يان سەرۋى دىلخاھ③،
بولغۇسى بۇل يان فىغان بىلەن ئاھ.

نەۋائىي ئۆزى ئېيتقاندەك، بۇ داستاندا كۆپرەك قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، ھېسسىياتى، دەرد ـ ئەلەملىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەر باشتىن ـ ئاياغ پىسخىك تەسۋىرلەر بىلەن تولغان. قەھرىمانلارنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى مۇڭلۇق ۋە تولىمۇ گۈزەل لىرىك تۈستە بايان قىلىنىدۇ. ئەسەردىكى بۇ روھ شۇنچىلىك كۈچلۈككى، ئوقۇرمەنمۇ ئىختىيارسىز شۇ غەم ـ غۇسسەلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ ھەمدە ئىختىيارسىز مەجنۇن بىلەن مۇڭدىشىدۇ.

① سوزى ــ كۆيدۈرۈشى.
② دىلفۇرۇز ــ كۆڭۈلگە خۇشىياقىدىغان.
③ سەرۋى دىلخاھ ــ بۇ يەردە خۇش پىچىم گۈزەل مەنىسىدە.

بۇ غەيرىي ـ تەبىئىي ھال ئەمەس. نەۋائىنىڭ ئۆزىمۇ «لەيلى ۋە مەجنۇن» نى «فەسانەئى دەرد»، «قارا قايغۇ ماجىراسى» دەپ سۈپەتلىگەندىن كېيىن:

سوغىن نېچە كىم ئۇزاتتىم ئاخىر،
يىغلاي ـ يىغلاي، تۈگەتتىم ئاخىر…

دەيدۇ.

نەۋائى «لەيلى ۋە مەجنۇن» دا نېمىلەرنى كۈيلەيدۇ؟ بۇ داستاندا نەۋائى چىن مۇھەببەت، ئەركىن كىشىلىك مۇناسىۋەت، شەخسنىڭ ھۆرلۈكى ۋە ئىلىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۈيلەيدۇ. «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا نەۋائىنىڭ مۇھەببەتكە بولغان قاراشلىرى كامالەتنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا كۆتۈرۈلىدۇ. «پەرھاد ۋە شېرىن» دە نەۋائى خۇسراۋنىڭ سۆيگۈنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ يولدىن چىققانلىقىدىن، يىرتقۇچلۇقىدىن دادلىغان بولسا، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدا فېئودال كۈچلەرنىڭ پەس، نادانلىقىدىن، ئادىمىيلىك نىشانىسى ۋە يۈرەك جەۋھىرى بولغان ئىشقنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى قاتتىق كىنايە قىلىدۇ.

مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلغان فېئودالىزم جەمئىيىتى شارائىتىدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ جەمئىيەتتە مۇھەببەتنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا پۇل ۋە قىلىچ توسقۇنلۇق قىلاتتى. چىن سۆيگۈ قاتتىق گۇناھ ھېسابلىناتتى. نەۋائى بۇ داستاندا ئاشىقلىقى سەۋەبىدىن گۇناھكار سانالغان مەجنۇن بىلەن لەيلىنىڭ ئاقلىغۇچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ قۇدرەتلىك ئاقلىغۇچى يالغۇز ئۆز ھىمايىسىدە بولغان لەيلى ۋە مەجنۇننى ئاقلاش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلارنى گۇناھكار ھېسابلىغان فېئودالىزم جەمئىيىتىنى شىددەت بىلەن پاش قىلىپ، بۇ جەمئىيەتنى روھىي ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ.

بۇ ھال ئىلغار كىشىلىك جەمئىيەت بىلەن فېئودالىزم جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي توقۇنۇش ئىدى. بۇ ئادالەت بىلەن مەرىپەتنىڭ زۇلۇم ۋە زۇلمەتكە قارشى كەسكىن ئىسيانى ئىدى. بۇ ئىسياندا «ئىشق ئېلىنىڭ شاھى» — مەجنۇن، «ھۆسن ئاسمانىنىڭ ماھى» — لەيلى ھالاك بولدى. نەۋائىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى بولسا، ئەنە شۇ قەھرىمانلارغا قويۇلغان ئەدەبىي ھەيكەلدۇر.

مەجنۇن. مەجنۇن ئوبرازىنى تەھلىل قىلىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى نەۋائى ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئالاھىدە خاراكتېرلىك بولغان بىر جەھەتنى ئايرىم رەۋىشتە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. مەلۇمكى، نەۋائىنىڭ ئۆمرى ئاساسەن ساراي دائىرىسىدە ئۆتتى. ئۇ ساراي ئەھلىنىڭ خەلققە قىلغان زۇلمىنى، بۇزۇقچىلىقلىرىنى، ئەخلاقسىزلىقىنى ۋە باشقا پەسكەشلىكلىرىنى كۆرۈپ، ھەمىشە نەپرەتلىنەتتى. توغرىسى، نەۋائى ساراي دائىرىسىدىن ئەلگە نەمۇنە قىلىپ بېرىشكە لايىق قەھرىمانىنى ئىزدەپ تاپالمىدى. بۇ ئەھۋال نەۋائىنىڭ سارايدىن يۈز ئۆرۈپ، خەلققە تېخىمۇ يېقىنلىشىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇ بۈيۈك تالانتلار خەلق ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قەتئىي پىكىرگە كەلدى.

شۇ سەۋەبتىن، نەۋائىنىڭ ئىجابىي قەھرىمانلىرى يا «شاھلىقنى تۇپراق بىلەن تەڭ» كۆرگەن شاھزادىلاردىن، يا ئامما بىلەن تولىمۇ يېقىن باغلانغان زىيالىيلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئەقلىي مېھنەت بىلەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە. نەۋائى تەرىپىدىن ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈلگەن بۇ قەھرىمانلار يا بۈيۈك ئالىم، شائىر، پەيلاسوپ، يا ئۇلۇغ رەسسام، ئارخىتېكتور، مۇزد-

كاشۇناس ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئادىل، سېخىي ۋە ئىنسانپەرۋەر كىشىلەردۇر. مەسىلەن، قارۇن، مانىي، بانىي، دىلارام، پەرھاد، شاپۇر، ئىسكەندەر ۋە باشقا نەۋائىي قەھرىمانلىرىنى ئەسلەسەك بولىدۇ.

مەجنۇنمۇ ئەنە شۇ تىپتىكى قەھرىمانلارنىڭ بىرىدۇر. مەجنۇننىڭ ئەسلىي ئېتى قەيس بولۇپ، «مەجنۇن» ئۇنىڭ نامۇناسىپ لەقىمىدۇر. قەيس ئەرەبىستاندىكى كىچىك بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ ئوغلى. ئۇنى ئاتا - ئانىلىرى باي بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ ئۆيىدە گۈزەل قىزىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاچقان مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. بۇ باي قەبىلە باشلىقىنىڭ قىزى — لەيلى ئىدى. قەيس بىلەن لەيلى ئۇزاق ۋاقىت بىرگە ئوقۇيدۇ. ئوقۇش داۋامىدا قەيس ئۆزىنىڭ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئەقىل ۋە پاراسەتلىكلىكى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئەلىيۇلئەلاسى ھېسابلىنىپ، ئۆزىدە چوڭ شېئىرىي قابىلىيەت بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇش نەتىجىسىدە زامانىسىنىڭ بىردىنبىر ئالىمى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. ئەل ئارىسىدا شۆھرەت قازىنىدۇ.

ئاز ۋەقتدە ئەيلەدى زەمانە،
ئانى بارى ئىلىم ئارا يېگانە.

ئىككى ساۋاقداش — قەيس بىلەن لەيلى بىر - بىرىنى ناھايىتى سەمىمىي ۋە ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرۈشىدۇ. لېكىن، بۇ ياشلارنىڭ قوشۇلۇشىغا شۇ دەۋرنىڭ قانۇن - قائىدىلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ھەتتا، ئۇلار بۇ «سىر»نىڭ پاش بولۇشىدىن قورقۇپ، ھەمىشە ئۆزلىرىنى خەۋپ - خەتەر ئاستىدا ھېس قىلىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ مۇھەببەت گۇناھ ھېسابلانغان بىر جەمئىيەتتە، بۇنداق خەۋپ يوق ئەمەس ئىدى:

بولغاي ئىكىسىغە خەۋفى جان ھەم،
بولغاي تەلەف① ئىككى ناتەۋان ھەم.

نۇرغۇن ئېھتىياتچانلىقلار قارىماستىن، قەيسنىڭ لەيلىگە بولغان مۇھەببىتى سىر بولۇپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشقى بارغانسېرى كامالەتكە يېتىپ تېشىپ كېتىدۇ. لەيلىنىڭ ۋەسلىگە بولغان تەشنالىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇكى، ئەمدى قەيس كونا تۇرمۇشنىڭ ئىنساننى بوغىدىغان ئەنئەنىلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئەركىن ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. مەشۇقى لەيلىنى تەرىپلەپ گۈزەل شېئىرلارنى يېزىپ، ناخشا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەبىلىسىنى ئۆزىگە باش قويىدىغان جاي قىلىۋالىدۇ.

قەيس ئۆز دەۋرىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋە مۇھەببەت بابىدا يېڭى بىر ئالەم ياراتقان شائىر، ئالىم ۋە پەيلاسوپ ئىدى. لېكىن، مەنىۋى دۇنياسى پۇچەك، قالاق فېئوداللىق جەمئىيەت قەيسنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنەلمەيدۇ، تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەيسنى مەجنۇن (ساراڭ) دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ. قەيسنىڭ «لەيلى، لەيلى» دەپ پەرياد قىلىشى، ئادەملەرنىڭ ئۇنى «مەجنۇن» دەپ ئاتىشىغا سەۋەب بولغان.

① تەلەف — ھالاك بولۇش.

لەيلى، لەيلى دەبان چىقىپ ئۈن،
ئەل دەپ: مەجنۇندۇر ئۇشبۇ مەجنۇن.

قەيستە راستتىنلا مەجنۇنلۇق (ساراڭلىق) ئالامەتلەر كۆرۈلگەنمۇ؟ بۇنداق ئالامەتلەر ئۇنىڭدا كۆرۈنمەيدۇ. بۇنى ھەتتا قەيسنىڭ ئەشەددىي دۇشمەنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ. ئۇلارمۇ قەيسنىڭ بۈيۈك ئەقىل ئىگىسى ۋە ئالىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ. ئەمما، قەيسنىڭ «ساراڭ» لىقىغا ئۇنىڭ ئاشىقلىقىنى ۋە لەيلىنىڭ ھۆسنىنى تەرىپلەپ شېئىرلار يېزىپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرگىنىنى «دەلىل» قىلىپ كۆرسىتىشىدۇ.
قەيسنىڭ «ساراڭ» بولغانلىقىنى لەيلىنىڭ ئاتىسىغا ئېيتقىلى كەلگەن بىر ئىغۋاگەر مۇنداق دەيدۇ:

تاپىپ ئىلمۇ خىرەدگە① پەيۋەند،
ھەم ئالىم ئىدىيۇ، ھەم خىرەدمەند②.
لېك ئاھى يېلى چۇ تۇشسە بىباك③،
كۆك پەردەسى بولسەكىم، قىلۇر چاك.
ئەفغانىدە بارچە بىخەبەرلىك،
ئەلفازىدە④ بارچە پەردەدەرلىك⑤.
تەبئى خۇشۇ، نەزمى ھەم رەۋاندۇر⑥
ئانداقكى، ساڭا داغى ئەياندۇر.
نەزمىدە بارى بىر ئىسمى مەزكۇر،
كىم ئېرمەس زىكرى بىزگە مەقدۇر⑦.

«تەبئى» خۇش، نەزمى «رەۋان» بولغان قەيس ئۆزىدىكى بۇ ئاجايىپ پەزىلەتنى، ئەل ئۇنى ساراڭ دەپ ھۆكۈم قىلغاندىمۇ ساقلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى ھەممىشە پەدىشەپلىك بولىدۇ. يەنى ھەممىلا چاغدا ئەدەپ دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. قەيسنىڭ بۇ خىسلەتلىرىنى ئۇ-نىڭ پۈتۈن ئۆمۈر بەختسىزلىكىگە سەۋەب بولغان لەيلىنىڭ ئاتىسىمۇ بىلەتتى. بۇ جاھىل، مۇ-تەئەسسىپ ئادەمنىڭ ئىقرارى ۋە قايىللىقى قەيسنىڭ شەخسىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم بىر ئىسپاتتۇر. بۇ كىشى قەيس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

تەئرىفىدە كۆپ ئۆتەر ئىدى سۆز،
گوياكى ئاڭا يېتۇردىلەر كۆز.
بەس قابىل ئىدىيۇ دىلپەسەند ئۇل،
ئازادەۋەشۇ نىيازمەند⑧ ئۇل.
ئەقلى كامىل، كەلامى⑨ مەئقۇل،
بار ئەردى ماڭا ھەم ئەسرۇ مەقبۇل.

---

① خىرەد ــ ئەقىل.
② خىرەدمەند ــ ئەقىللىق.
③ بىباك ــ ھېيىقماس كىشى.
④ ئەلفاز ــ سۆز.
⑤ پەردەدەرلىك ــ پەردە يىرتماق.
⑥ نەزم ــ شېئىر.
⑦ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى ئۇنىڭ نامىنى ئېيتىشقا بىز تارتىنىمىز، دېمەكتۇر.
⑧ نىيازمەند ــ يالۋۇرغۇچى.
⑨ كەلام ــ سۆز، گەپ.

قەيسنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە شۇنداق يۇقىرى پىكىردە بولغان بۇ جاھىل ئۇنىڭ ئاشىقلىقىنى ۋە مۇھەببەتتە ئۆزىنىڭ قىزى لەيلى سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ. «ئەقلى كامىل، كالامى مەئقۇل» قەيسنى «سارالڭ» غا چىقىرىپ، ئاياغلىرىغا ـ پۇتلىرىغا كىشەن سېلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ.

مەجنۇن بىلەن لەيلى ئارىسىدىكى پاجىئەنىڭ ئەسلىي ئاملى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكتىن ئىبارەتتۇر. مەجنۇن «تۆۋەن تەبىقە»نىڭ ۋەكىلى. ئۇ ھەرقانچە ئالىم ۋە ئەقىل ئىگىسى بولسىمۇ، بەربىر ئالىي تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان قىزغا مۇھەببەت قويۇشقا ھەققى يوق. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئىجتىمائىي زىددىيەت ئىنسانىي خىسلەتلەرگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛ «ئالىي» تەبىقىنىڭ تار ئەخلاق رامكىلىرىغا ئىنسانىي پەزىلەتلەر سىغمايدۇ. نەۋائىينىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، مەملىكەت «ۋەھشەت ئاباد» (كىشىنى دەھشەتكە سالىدىغان) ھالەتكە كەلگەنىدى. ئەھۋال شۇنداق بولغاندىن كېيىن، بەس، ئۇ چاغدا مەجنۇننىڭ دەھشەتلىك ئەلدىن ئۆلپەت ئىزدىشىنى ئۆزگەنلىكى ۋە ياۋايى ۋەھشىيلىرى (يىرتقۇچلىرى) بىلەن دوستلۇق نەۋاسىنى تۈزگەنلىكى تەئەججۈپلىنەرلىكمۇ؟

مەجنۇن ئۆزىنىڭ مەردلىكى، ۋە ئەل ئىچىدىكى ھۆرمىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن ماختاشقا لايىق بىر يىگىتتۇر. يىرگىنىشلىك فېئوداللىق مۇھىت مەجنۇننى ھەرقانچە ئازابلىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى بۇ ئالىيجاناب خىسلەتلەرنى يېڭەلمەيدۇ. ئۇ شۇنداق دەھشەتلىك مۇھىتتىمۇ ئۆزىنى «قارىدەك ئاق، مۇزدەك تازا»ساقلىيالايدۇ.

مەجنۇن بىر تەرەپتىن، ئاتىسىنىڭ قىستىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز ھامىيسى نەۋفەلگە يۈز كېلەلمەي، ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئاي بىرلە قۇياشنى ئەيلەدى ئەقد[①]،
باشى ئۆزرە ساچىدىلار بەسى نەقد[②].

لېكىن بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئالدىدا مەجنۇن ئۆزىنى بىردە ئۆلۈك، بىردە تىرىكتەك ھېس قىلىدۇ. توغرىسى، بۇ چاغدا مەجنۇن ئىككى ئوت ئارىسىدا كۆيۈپ، ئازابلىنىپ تولغىناتتى…

نىھايەت، نەۋفەلنىڭ زېرەك قىزى مەجنۇندىكى بۇ روھىي ئازابلىنىش ۋە ئىچكى كۈرەشنى سېزىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن ئېچىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەجنۇن بىلەن لەيلى ئارىسىدىكى ۋەقەدىن خەۋەردار ئىدى. بۇلا ئەمەس، «كىم تېۋىپ؟ بېشىدىن ئۆتكەن تېۋىپ» دېگەندەك، ئۇ قىزمۇ بىر يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە مۇپتىلا، يەنى ئۆزىمۇ باشقا بىر «مەجنۇن» نىڭ لەيلىسى ئىدى. لېكىن، لەيلىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆز مۇھەببىتىنى ھەممىدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. ئاخىردا، بۇ كېچىسى ئۆزىنىڭ پۈتۈن يۈرەك سىرلىرىنى مەجنۇنغا ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە شەپقەت قىلىشنى سورايدۇ:

---

① ئەقد ــ نىكاھ.
② نەقد ــ پۇل، تەڭگە، بۇ يەردە نىكاھ كېچىسى كېلىن بېشىدىن تەڭگە چېچىشقا ئىشارە.

چۈن كىشىۋەرى[1] ئىشقنىڭ شاھى سەن،
ئىشق ئەھلى ئۈتىنىڭ ئاگاھى سەن.
باردۇر داغى ماڭا دەردمەندى[2]،
ئىشقىم رەسەنىگە[3] پايبەندى.
دەردىم ئوتى ئىچرە تابى[4] ئانىڭ،
مەن داغى كېلىپ خەرابى ئانىڭ.
بۇ كېچە ئانىڭ نې ھالى بولغاي؟
ئۆمرى كۈنىنىڭ زەۋالى[5] بولغاي...

مەجنۇن مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئارتۇق قەدىرلەيتتى، ياخشى كۆرگەن يۈرەكنى چەكسىز ھۆرمەتكە لايىق، دەپ بىلەتتى. ئۆزى مۇھەببەت چۆلىدە سەرگەردان بولۇپ تۇرۇپ، باشقا ئاشىقلارنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئاڭلاش، مەجنۇن ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر ئىدى. يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ يىغلايدۇ. ئاندىن سۆيگۈ ۋىسالىغا يېتىپ، بەختلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ ۋە قىزغا تەشەككۇر ئېيتىپ چىقىپ كېتىدۇ:

مەجنۇنگە يېتىپ بۇ سۆزدىن ئازار،
ئول خەستە[6] ئىشىگە يىغلادى زار.
دېدىكىم: ئايا رەمىدە[7] پەيۋەند،
بول ئىشقۇ مۇھەببەتىڭگە خۇرسەند.
يارىڭگە ۋەفا شىئارىڭ ئولسۇن،
كىم تەڭرى ھەمىشە يارىڭ ئولسۇن.
كۆڭلۈڭنى قىلۇر ئۈچۈن رىئايەت،
ئاشىفتە زەمىر[8] ئىدىم بەغايەت.
بۇ لۇتفىكى[9] سەندىن ئولدى زاھىر،
ئۆزرىڭنى نېچۈك قىلاي، مەن ئاخىر؟

ئىدراكسىز بىر گۇرۇھ ئادەملەر مەجنۇندىن مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، مەجنۇن مۇھەببەتسىز ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئىشق — ئىنسانغا مەنىۋى كۈچ، روھىي نېمەت بېغىشلايدۇ. ئىشق — ئاشىقنىڭ روھىنى پاك قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي يۇكسىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مەجنۇننىڭ قەتئىي ۋە ئۆزگەرمەس ئېتىقادى مانا شۇ !

نەۋائى ئىشقنى ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىدەك تەلقىن قىلىدۇ. ئىشق گويا ماگنىتتەك ئادىمىيلىكنىڭ ھەممە ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇلارنىڭ يە-

---

① كىشىۋەر — مەملىكەت.
② دەردمەند — بۇ يەردە ئاشىق مەنىسىدە.
③ رەسەن — ئارقان، ئارغامچا.
④ تاب — قىزىماق.
⑤ زەۋال — تۈگىمەك، يوق بولماق.
⑥ خەستە — بۇ يەردە مەشۇق مەنىسىدە.
⑦ رەمىدە — ئۈركۈگەن، قورققان.
⑧ زەمىر — كۆڭۈل، دىل.
⑨ لۇتف — ئىلتىپات، ياخشىلىق، ساخاۋەت، ھىممەت، مۇرۇۋۋەت.

غىندىسى ئاجايىپ بىر ئۇيغۇنلۇقنى تەشكىل قىلىپ، مۇكەممەل، لېكىن، ئىدېئال بىر ئادەم قىياپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. نەۋائىينىڭ نەزىرىدە، كىم ئاشىق بولسا، ئۇ ئالىم، ئىنسانپەرۋەر، قەھرىمان، ساداقەتلىك ۋە مەرد ئادەم بولىدۇ. مانا شۇ پىكىر «خەمسە»دىكى ھەممە داستانلاردا مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

دېمەك، مۇھەببەتسىز ياشاش — پۈتۈن ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن مەھرۇم بولۇشتۇر. مانا شۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمىگەن گاس، نادان ـ كالۋالارنى مەجنۇن قاتتىق زاڭلىق قىلىدۇ:

دەرلەر ماڭا ئىشقنى ئۇنۇتقىل
لەيلى غەمىدىن كەنارە① تۇتقىل.
ئەللاھ ـ ئەللاھ بۇ نە سۆز بولغاي،
ئۇل قوۋمگە تەڭرى ئۆزرى قولغاي.

ياخشى كۆرۈشنى بىلمىگەن قەلب، نەپرەتلىنىشنى ھەم بىلمەيدۇ. بۇنداق كىشى ھېس ۋە تۇيغۇلاردىن مەھرۇم بىر بۇتتۇر.

قەيس فېئودال بىدئەتلىكلەرگە، دىنىي مۇتەئەسسىپلىككە ۋە خۇراپاتلىققا قارشى، ئەركىن كىشىلىك مۇناسىۋەت، شەخسىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن كورەشكۈچى ئۇلۇغ ئىسيانكارنىڭ ئوبرازىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي ئۆزى قەيسنىڭ شەخسىيىتىگە بەكمۇ يۇقىرى باھا بېرىدۇ. قەيسنىڭ پېشانىسىگە «ساراڭ» لىق تامغىسى بېسىلىپ، ئۇنىڭ زاڭلىق قىلىنىشىدىن نەۋائىي قاتتىق ھاياجانلىنىدۇ. نەۋائىي قەيس كىرگەن يولنى ئەڭ توغرا يول، دەپ تەستىقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭمۇ قەيسنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ، ۋەتەن ئۈچۈن رەھنەما (يولباشچى) دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى غۇرۇر بىلەن سۆزلەيدۇ:

تا تۇتتى جۇنۇن يولىن نەۋائى
كىم بولدى ۋەتەنگە رەھنەمائى.

شائىر، ئالىم ۋە پەيلاسوپ قەيسنىڭ «مەجنۇن» ھېسابلىنىشى، مۇتەپەككۇر گاملېتنىڭ كلاۋدىي سارىيىدىكى ھالىتىنى ئەسكە سالىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەردىن بىرىنى «ئىلاھ كومېدىيىسى» نىڭ ئىگىسى دانتېمۇ ھېكايە قىلغانىدى. قىسقىسى، جاھان ئەدەبىياتى تارىخى بۇنداق پاجىئەلەرنىڭ تولىسىغا شاھىتتۇر.

لەيلى. «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ سۆيۈملۈك قەھرىمانلىرىدىن بىرى — لەيلى ئوبرازىدۇر. لەيلىمۇ قەيستەك ئۆز دەۋرىنىڭ سەۋىيىسىدىن ھالقىغان ئالىمە② ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قەيسنىڭ يۇقىرى مەنىۋىيىتىدىن بىرىنچى قېتىم بەھرە ئالغۇچى لەيلى بولدى. قەيسنىڭ شەخسىيىتىگە باھا بېرىشتە، شۇ چاغدىكى جەمئىيەت بىر تەرەپتە تۇرغان بولسا، يالغۇز لەيلىنىڭ ئۆزى بىر تەرەپتە تۇردى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپى تەرىپىدىن «ساراڭ» دەپ ھاقارەتلەنگەن شائىر ۋە ئالىم قەيسنى ئىبنى سالامدىن يۇقىرى قويغان كىشىمۇ يەنە شۇ لەيلى بولدى.

① كەنار، تۇتماق — كەچمەك، يىراقلاشماق.
② ئالىمە — ئايال ئالىم.

لەيلى بىلەن قەيسنى بىر ـ بىرىگە باغلىغان مەنىۋى يىپلار سەممىمىي مۇھەببەتلا ئەمەس، بەلكى سەۋىيە، پىكىر ۋە مەسلەك بىرلىكىدۇر. لەيلى بىلەن مەجنۇن مۇھەببەتنى بىر خىل تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ؛ ۋەدە ـ ۋاپا قاتارلىق ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە بىر خىل باھا بېرىشىدۇ. مەجنۇن ئۆزىنىڭ مەردلىكى، ھۆرمەت ـ ئىززىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ قانچىلىك تەقدىرلىشىگە ۋە ماختىشىغا لايىق بولسا، لەيلىمۇ ئۆزىنىڭ نومۇسچانلىقى، ئىپپىتى ۋە پاكلىقى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ شۇنچىلىك ھۆرمىتىگە سازاۋەردۇر.

لەيلى ئىبنى سالامدەك ئىپلاس دىۋىنىڭ قانلىق چاڭگىلىغا چۈشكەندە، ئۆز پاكلىقىنى ساقلاش ۋە مەجنۇنغا بەرگەن سەممىمىي ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. مانا شۇ چاغدا، ئۇ ئەڭ ئېغىر، پەقەت چىداپ بولمايدىغان روھىي ئازابنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرىدۇ.

مۇھەببەت تۈپەيلى، مەجنۇن ئۆز دەۋرىدىن قانچە دەرد ـ ئەلەم چېكىپ، قانچە غەم ـ قايغۇغا مۇپتىلا بولسا، لەيلىمۇ شۇنچە غەم ـ ئەلەمگە گىرىپتار بولۇپ، جاپا چەكتى. ھىجران ئوتلىرى مەجنۇننى كۆيدۈرگەن بولسا، لەيلىنى كۇل قىلدى. ۋىسال تەشنالىقى مەجنۇننىڭ كۆڭۈل گۈلشىنىنى خاراب قىلغاندا، لەيلىنى ھالاك قىلدى ··· ھەقىقەتەن بۇ مۇھەببەت ماجىرالىرىدا لەيلىنىڭ ھەسسىسى ئىككى ھەسسە ئېغىر. مەجنۇن ئىنسان تەبىئىتىنى بوغىدىغان قېرىنداشلىق مۇھىتتا نەپەس ئالالماي، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تاغلارغا، چۆللەرگە چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردە كېيىكلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇپ، قۇياش، ئوت ۋە پۈتۈن تەبىئەت بىلەن دەردلىشىپ كۆڭلىنى بوشاتتى.

لېكىن، بىچارە لەيلى بۇ ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم ئىدى. چۈنكى، ئۇ «ئاجىزە» ئىدى. ئادەمنى گاراڭ قىلىدىغان، ئېغىر ۋە قانلىق قولنىڭ ھەممىشە ئۆز يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. لەيلىنىڭ ئاھ ـ زارىنى، ئەلەملىك پەريادلىرىنى ئاڭلايدىغان ئادەم تېپىلمايدۇ.

لەيلى ئۆزىنىڭ بۇ قارا ۋە غەمكىن كۈنلىرىنى مەجنۇنغا يازغان خېتىدە تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلەيدۇ:

مىسكىن مەنى زارۇ پايبەستە①،
يوق، يوقكى زەئىفى پا شىكەستە②،
نى مەيلى سۆكۈن، نې ھەددى رەفتار③،
يۈز قەيدى بەلا ئارا گىرىپتار،
بولماق يۈز ئەلەم ئۆيىدە مەھبۇس
بىر يان، يانا بىر يان ئولدى نامۇس···

① پايبەستە ــ ئايىغى باغلاقلىق.
② پا شىكەستە ــ ئايىغى سۇنۇق.
③ بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى: نە بىر جايدا تۇرۇشقا مەيلىم بار، نە بىر ياققا كېتىشكە ھەددىم، دېمەكتۇر.

بۇ مەھنەتنى ئىشق پىچ دەر پىچ①،
نامۇس چۇ كەتتى، بارچەسى ھىچ !
... ...
سەن تارتىبان ئاھى ئاتەش ئالۇد،
مەن ئوت ياقۇبان چىقارمايىن دۇد②...

بالالار قەپەسىگە گىرىپتار بولۇش، ئەلەملەر ئۆيىدە مەھبۇس بولۇپ يېتىش، قەلبىدە ئوت يېنىپ تۇرۇپ، ئۇنى بىرىگە ئېيتالماسلىق نۇرغۇن قىزلىرىمىزنىڭ قاتارىدا لەيلىنىمۇ ھالاك قىلدى.

نەۋفەل. قەيسنىڭ يۇقىرى مەنىۋىيىتىدىن بەھرە ئالغان، ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە توغرا باھا بەرگەن ئىككىنچى ئادەم — نەۋفەلدۇر. نەۋفەل ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى، جەسۇرلۇقى، ساخاۋەتى ۋە مەردلىكى بىلەن ئوقۇرمەننى پۈتۈنلەي ھەيران قالدۇرىدۇ. ئادەتتە، خەلق چۆچەكلىرىدە بەزى ئالىي ھىممەتلىك قەھرىمانلار زىكرى قىلىنىدىكى، ئۇلار ئىدېئال ئادەملەردىن ئىدى. نەۋفەل ئەنە شۇ خەلق ئارزۇ قىلغان ئىدېئال ئادەمنىڭ ئوبرازىدۇر.

نەۋفەلنىڭ مەجنۇنغا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق قىلىشى، ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، لەيلىنىڭ ئاتىسىغا قارشى قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىشى بىكار ئەمەس. ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك خەلق ماقالى بار. نەۋفەل ئەنە شۇنداق دانىشمەن زەرگەر ئىدىكى، لايغا تاشلانغان ئالتۇننى تېپىۋالدى. چۈنكى:

نەۋفەل داغى ئىشق كۆرگەن ئەردى:
غەم دەشتى ئارا يۈگۈرگەن ئەردى.

دېمەك، مەجنۇن بىلەن نەۋفەلنىڭ دوستلىشىشىغا مەلۇم بىر ئاساس بار. نەۋفەل بىلەن مەجنۇننىڭ يۈرەك سوقۇشى بىر - بىرىگە ئاھاڭداش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مەجنۇننى تاشلاپ كېتەلمەيدۇ.

نەۋفەل لەيلىنىڭ ئاتىسىغا يازغان خېتىدە قەيسنىڭ ئەڭ ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى كۆرسىتىپ، شۇنداق بىر يىگىتكە قىز بەرمەسلىك مەردلىك، ئادىمگەرچىلىك ۋە يىگىتلىكتىن ئەمەس، دەيدۇ.

نەۋفەلنىڭ نەزىرىدە لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ قوشۇلۇشى ئەڭ مۇۋاپىق بىر ئىش. نەۋائى بۇ پىكىرنى ماقۇللاپ، ناھايىتى چىرايلىق كۆرسەتمىلىك مىسرالارنى تۈزىدۇ:

دۇرتاج ئۇزە ئەيىبدىن يىراقدۇر،
لەئل ئولسە ياندە ياخشىراقدۇر.

بۇلا ئەمەس، نەۋفەل مەجنۇن ئۈچۈن ھەرقانداق ياخشىلىقنى ئاياپ تۇرمايدۇ. نەۋفەل مەجنۇنغا:

فەرزەند قىلاي سېنى ئۆزۈمگە،
مىننەتنى قوياي يارۇغ يۈزۈمگە.

① پىچ دەر پىچ — قەۋەتمۇ قەۋەت ئورالغان.
② دۇد — تۈتۈن.

دەپ مەردلىك، ئالىي ھىممەت، ئادىمىگەرچىلىك ۋە دوستلۇقنى ئاخىرىغا يەتكۈزىدۇ.

ھەقىقەتەن، نەۋفەل شۇنداق ئالىيجاناب زاتكى، بۇنداق كىشىنى پەقەت ئارزۇ قىلىش مۇمكىن.

لەيلىنىڭ ئاتىسى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىلى. شۇ «قارا قايغۇ ماجىراسى»نىڭ باش ئامىلى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلغۇچى سەلبىي ئوبرازلارنىڭ بىرى — لەيلىنىڭ ئاتىسىدۇر. ئۇ بىر قىسىم «تەئەسسۇب ئايىن» ئەرەبلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ، مەجنۇن، نەۋفەللەرگە ئوخشاش تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىدىكى كىشىلەرگە قارشى زۇلمەت قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىدۇ.

نەۋائىي باشقا ئەسەرلىرىدە ئوقتۇرۇپ ئۆتكىنىدەك، بۇ داستاندىمۇ زۇلمەتنىڭ ئادالەت ۋە مەرىپەت ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى بۇ ھەقلىق كۆرەشتە نەۋفەل ۋە مەجنۇنلار غالىب كېلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا «ئالىي تەبىقە» ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئەشەددىيرەك يولغا كىرىدۇ. مانا شۇ گۇرۇھقا مەنسۇپ بولغان لەيلىنىڭ ئاتىسى بولسا، قىزى لەيلىنى ئۆلتۈرۈشتەك مىسلىسىز پەسكەشلىككە ھازىرلىنىدۇ.

كىم تاڭدا ئۇل ئايىنى ھازىر ئەيلەي،
بىر دەمدە ئىشىنى ئاخىر ئەيلەي.
ئوق ئېگىنەسىدىن تىكەي لىباسىن،
خەنجەر سۇۋىدىن ئېزەي خىناسىن.

ھېسابسىز بايلىقى، سۆلەت ۋە شەۋكىتى بىلەن مەغرۇرلانغان لەيلىنىڭ ئاتىسى ئۆزىنى ئەرەبىستان ئاربىنىڭ «خۇدا»سى ھېسابلايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق قەبىھ جىنايەتلەرگە تەييار، خالىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە، ھەتتا پۈتۈن قەبىلىلەرنى ئۆي - جايىدىن ئايرىپ، ئەرەب چۆللىرىدىن ھەيدىۋېتىشكە كۈچى يېتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىگە تەھدىت سالىدۇ. مەجنۇننىڭ ئائىلىسى شۇ يىرتقۇچنىڭ ئاغزىغا چۈشكەن بىرىنچى قۇربان ئىدى.

لەيلىنىڭ ئاتىسى مەجنۇننىڭ ئاتىسىغا تۆۋەندىكىدەك تەھدىت سالىدۇ.

بىلمەكمۇ شۇكۇھۇ سەۋلەتىمنى،
ئەرەب ئارا مالۇ شەۋكەتىمنى؟ !
ھەم ئوغلۇڭە، ھەم ساڭا بېلۇرمەن،
كىم ھەرنى قىلاي دېسەم، قىلۇرمەن !!

بولسە يەنە بۇيلە ئەمر زاھىر،
ئەۋۋەل ئانى ئەيلەگۈمدۇر ئاخىر[①].
سوڭرە ساڭا داغى قەھر سۇرگۇم،
خەيلىڭنى بۇ دەشتدىن يىتۇرگۇم[②].

① بۇ مىسرانىڭ مەنىسى ئاۋۋال ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرىمەن، دېمەكتۇر.
② پۈتۈن ئۇرۇقۇڭنى بۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىرىمەن، مەنىسىدە.

ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ بىگۇناھ قىزىنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانغان بۇ ۋەھشىيدىن قانداقمۇ مەرھەمەت كۈتۈشكە بولىدۇ؟

ئىبنى سالام. ئۆز ئەسىرىنىڭ تىپىك نامايەندىسى سۈپىتىدە ئىككى گۈلنىڭ ئارىسىدا قوپال تىكەن بولۇپ، ئىبنى سالام قىستۇرۇلىدۇ. ئىبنى سالام ھەقىقىي ئاشىق ئەمەس، ئۇ چىن مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ؛ ئىبنى سالام جۇدالىق ئەلەملىرىدىن خەۋەرسىز، ۋىسال خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىسىز ئىدى.

سۆيگۈ قەلبىنى ئازابلاپ، مەجنۇننىڭ بېشىغا تۆھمەت تاشلىرىنى ياغدۇرغان رەھىمسىز، ئىدراكسىز كىشىلەر شۇ ئىبنى سالاملار ئەمەسمۇ ـ ھە؟! كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى بىلەن ئۆلچەيدىغان ئۇ جەمئىيەتتە ئالىم قەيسكە قارىغاندا جاھىل ئىبنى سالامنىڭ قولى يۇقىرىغا يېتەتتى.

نەۋائىي ئالتۇنغا تەلپۈنگۈچى بۇ بەندىلەرنى زاڭلىق قىلىپ، ئىبنى سالامنىڭ مال ـ دۇنياسى ھەددى ـ ھېسابسىز بولغانلىقى ئۈچۈن «ھەر مۈشكۈل ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسان» دەيدۇ:

ھەم ئاتىغە يوق شۇمارە① پەيدا،
ھەم قويىغە يوق كەنارە② پەيدا.
سەھرانى تۇتۇپ تېۋەسى يەكبەند،
ھەيكەل ئارا بارچە كوھ مانەند③.
چۈن مالىگە كىمسە بىلمەيىن سان،
ھەر مۈشكۈل ئولۇپ قاشىدە ئاسان.

بايلىققا ئۇشۇقچە ھېرىس بولۇش، نومۇس ۋە ۋىجداننى ئالتۇنغا قۇربان قىلىش «ئالىي تەبىقە» نىڭ سىنىپىي خۇسۇسىيىتىدۇر. ئىبنى سالامنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ لەيلىنىڭ ئاتىسى تەرىپىدىن مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىنىشى ئالتۇنغا سەجدە قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

كىم مەيل ئېتىبان تۈمەن جەفاغە،
بەرگەيلەر ئۇل ئاينى ئەجدەھاغە.

لەيلىنىڭ ئەجدىھا كانىيىغا چۈشۈش سائىتى يېقىنلىشىپ، توي باشلىنىدۇ. شۇ مۇدھىش مەرىكىدە ئىبنى سالام ھەددىدىن ئارتۇق ئىچىپ، ئاخىر زەھەرلىنىدۇ:

ئەيش ئەيلەدىلەر نېچە تۈنۈ كۈن،
كىم نې كۈنى مەيسىز ئەردى، نې تۈن.
ئىچدى نېچە كۈن چۇ بىمەدارا،
ئول زەھمەتى ئولدى ئاشكارا.
ئول بولدى ھەياتىدىن چۇ مەھجۇر④،

① شۇمارە ــ سان، ساناق.
② كەنارە ــ چېگرا، بۇ بېيىتنىڭ مەنىسى ئات، قوي (مال ـ چارۋىلىرى)لىرى سان ـ ساناقسىز، دېمەكتۇر.
③ كوھ مانەند ــ تاغدەك.
④ مەھجۇر ــ ئايرىلغان.

ماتەمگە مۇبەددەل[1] ئۇلدى ئۇل سۇر.

يەنى لەيلىنى يۇتۇشقا تەييارلانغان بۇ ئەجدىھا ئۆز بەدىنىدىكى زەھەر بىلەن زەھەرلىنىپ، ئۆز ئاغزىدىن چىققان ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولدى.

* * *

لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ قىسمىتى — تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى قارا قىسمىتى ئىدى. گەرچە «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى ئەرەب ئەپسانىسى ئاساسىدا يېزىلغان بولسىمۇ، نەۋائى ئۇنىڭدا ئۆز خەلقىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشلىرىنى تەسۋۋۇر قىلدى.

ئەرەبىستاندا بولغان ۋەقەنىڭ قەھرىمانلىرىنى ئۆز خەلقى دەپ چۈشەندۈرۈش، ئىپتىمال، ئو-قۇرمەنلەرگە ئەجەبلىنەرلىك كۆرۈنەر! لېكىن چوڭقۇرراق مۇلاھىزە قىلغاندا، ھەيران قالىدىغان ھېچ نەرسە يوقلۇقى ھەممىگە مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي، مىللىي خۇسۇسىيەت — مىللىي لىباسنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت ئەمەس؛ بەلكى خەلق روھىدىن، ئۇنىڭ ھېس ۋە تۇيغۇلىرىدىن ئىبارەت. شائىر تامامەن باشقا بىر خەلق توغرىسىدا يېزىپ، ئۇنىڭدا ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇ - نىيەت-لىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن. ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى گوگولنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ پىكرىمىزنى تولۇق تەستىقلايدۇ:

«ھەقىقىي مىللىيلىك — رۇس كىيىمىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى خەلق رو-ھىدىن ئىبارەت. ھەتتا پۈتۈنلەي باشقا بىر دۇنيانى تەسۋىرلىگۈچى شائىرمۇ مىللىي شائىر بې-سابلىنالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەنە شۇ دۇنياغا ئۆز مىللىي ھېسلىرى نەزەرىدىن، ئۆز خەلقى-نىڭ كۆزلىرى بىلەن قارىشى كېرەك. ئۇ شۇنداق ھېس قىلىشى ۋە سۆزلىشى كېرەككى، ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرى خۇددى ئۆزلىرى ھېس قىلىۋاتقان ۋە سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلىشسۇن».

بۇ توغرىدا نەۋائىيمۇ ناھايىتى قىممەتلىك پىكىرلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇ «خەمسە»دىكى ھەر-بىر داستاننىڭ يا مۇقەددىمىسىدە يا خاتىمىسىدە: «مەن بۇ داستانغا تۈرك روھى بەردىم» دەپ پەخىرلىنىدۇ. «لەيلى ۋە مەجنۇن»نىڭ خاتىمىسىدە بۇ پىكىر تۆۋەندىكىچە تەكىتلىنىدۇ:

مەن داغى بۇ مەينىكىم سۇرۇپمەن،
تۈركانە سۇرۇد[2] ئاڭا تۈزۈپمەن،
ئەل كۆڭلىغە ئاندىن ئۇلغۇسى خوب،
كىم كەلدى بۇ نەۋھەنىڭ[3] مۇڭى كۆپ.

قىسقىسى، نەۋائى ئەرەب ئەپسانىسى ۋاستىسى بىلەن ئۆز دەۋر ۋەقەلىكىنىڭ بەدىئىي مەنزىرىسى-نى ياراتتى. لەيلى بىلەن مەجنۇن ئەرەب لىباسى بىلەن بېزەلگەن قىز - يىگىتلىرىمىزدۇر. نەۋائى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي خاسلىقى ئۈچۈن كۈرەشكەن بۈيۈك شائىرىمىزدۇر.

(داۋامى بار)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابلىمىت ياقۇپى

---

[1] مۇبەددەل — ئالمىشىش.
[2] سۇرۇد — ناخشا، ئويۇن.
[3] نەۋھە — پەرياد قىلىپ يىغلاش.



turkitap.com

# خارەزم مەئمۇن ئاكادېمىيىسىدە تېبابەتچىلىك

سۇردىيە كەرىموۋا، ئابدۇخالىق ئابدۇرۇسۇل

جاھان مەدەنىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭمۇ كۆرۈنەرلىك
ھەسسىسى بولغانلىقى كۈندىن - كۈنگە ئايان بولماقتا. چۈنكى، مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت
ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ جاينىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تەبىئىي شەرت - شارائىتى
ناھايىتى قەدىمدىنلا ئىنسانلار ھاياتىنىڭ بىرنەچچە قېتىم كەسكىن ئۆزگىرىشىگە ۋە ئومۇمىي
بىر مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا سەۋەب بولغانىدى. نەتىجىدە ئولتۇراق دېھقانچىلىققا ئاساسلانغان
بوستانلىق مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆچمەن يايلاق مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. ھازىر
ناھايىتى چوڭ دائىرىدىكى بۇ مەدەنىيەت غەرب بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجىدا ۋاستىچە-
لىك رول ئويناش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرغانلىقى ھەققىدىكى ھەقد-
قەتلەر تەستىقلانماقتا. خۇسۇسەن مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە پەن - مەدەنى-
يەتكە قوشقان ئۈلۈشى ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن تەن
ئېلىنىدى. دەل ئەينى پەيتتە بۇ دىياردىن ناھايىتى كۆپ ئەللامىلەر يېتىشىپ چىقىپ، نەچچىلە-
گەن ئالىي مەكتەپلەردە (مەدرىسىلەردە)، ئىلمىي مەركەزلەردە ۋە ئاكادېمىيىلەردە پائالىيەت ئېلىپ
بارغان. 11 - ئەسىردە شۇنداق ئاكادېمىيىلەرنىڭ بىرى خارەزم مەئمۇن ئاكادېمىيىسى بولۇپ،
ئۇنىڭدا دۇنياغا مەشھۇر ئالىملار تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى.

خارەزم مەئمۇن ئاكادېمىيىسى ھەققىدە مەنبەلەردە كۆپ مەلۇمات كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ-
نىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. 1004 - يىلى ئاتاقلىق ئالىملاردىن ئىبنى سىنا بىلەن
بېرۇنىنىڭ خارەزمنىڭ مەركىزى ئۈرگەنچ شەھىرىگە كېلىشى مۇشۇ ئاكادېمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقد-
دىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ يىل ئاكادېمىيىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىنىڭ رەسمىي
باشلانغان ۋاقتى دەپ قارىلىۋاتىدۇ. 1017 - يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۈرگەنچنى بېسىۋال-
غاندىن كېيىن، ئاكادېمىيىدىكى ئەبۇل خەير خەممار، ئىبنى ئىراق، بېرۇنىلار غەزنىگە كېتىدۇ،
قالغانلىرى ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن ئاكادېمىيە تاقىلىپ قالىدۇ.

خارەزمدە ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلىپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئەل-
ۋەتتە بىكار ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە خارەزم قەدىمدە مەركىزىي ئاسىيادىكى گۈللەپ ياشنىغان
جايلارنىڭ بىرى بولغان. بۇ يەردە سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى بەرپا قىلىنىپ، دېھقانچىلىقنىڭ

راۋاجلانغانلىقى توغرىسىدا قەدىمشۇناسلار مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەندى. خارەزملىك بۈيۈك ئالىم بېرۇنى ئەسلىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۇزاق تارىختا ئامۇ دەريا سۈيىنىڭ مول بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا 300 دىن ئارتۇق شەھەر ۋە يېزىنىڭ بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئەمما، مىلادىيەدىن ئاۋۋال تەبىئىي ئىقلىمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئامۇ دەريا سۈيىنىڭ كېمىيىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇن شەھەرلەر قۇم ئاستىدا قالغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ھايات يەنىلا قەدىمىي مەدەنىيەت ئىگىزىدە قانۇنىيەتلىك رەۋىشتە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئەرەب ئىستىلاسىدىن بۇرۇن خېلى راۋاجلانغان ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى ئەرەبلەر دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيادا ئويغىنىش دەۋرىنىڭ باشلىنىشىغا ئاساس بولغان.

10 -، 11 - ئەسىرلەردە مەركىزىي ئاسىيانىڭ بۇخارا، سەمەرقەند، ئۈرگەنچ قاتارلىق يىرىك مەدەنىيەت ۋە ئىلىم مەركەزلىرىدە ئەينى دەۋرنىڭ يېتۈك ئالىملىرى تېبابەتچىلىك ساھەسىدە ئانتىك مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى يەرلىك ئىلمىي ئەنئەنە ئېلېمېنتلىرى بىلەن بېيىتقان ھالدا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. خۇسۇسەن، بۇ چاغدا خارەزمدىكى تېببىي بىلىملەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەبۇ ئابدۇللا ئەل خارەزمى، مۇھەممەد ئىبنى ئەل خارەزمى، مەئمۇنىيلەر دەۋرىدە بولسا ئەل مەسىھى، ئەبۇل خەير خەممار، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ھەمدە ئەبۇ رەيھان بېرۇنىلارنىڭ قوشقان تۆھپىسى بىقىياس بولغان. مۇھەممەد ئەل خارەزمىنىڭ يۇنان تىلىدىكى قەدىمىي تېببىي ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، شۇ ئاساستا ئەسەرلەر يازغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ مەركىزىي ئاسىيا تېبابەت ئىلمىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەبۇ ئابدۇللا خارەزمى «ئىلىملەر ئاچقۇچى» ناملىق ئەسىرىدە ئەينى دەۋر تېبابىتىنىڭ ئاناتومىيە، پاتولوگىيە (بەدەننىڭ تەبىئىي ھالىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئۆگىنىدىغان پەن) ۋە فارماتولوگىيە (دورىگەرلىك) گە ئائىت ئاتالغۇلارنى يىغىپ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەررازى، ئەل مەجۇسىگە ئوخشاش ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىزاھلىغان. بۇ كىتاب شۇ دەۋر مۇسۇلمان شەرقىدە يارىتىلغان تېببىي ئەسەرلەرنى ئۆگىنىشتە مۇھىم قوللانما ھېسابلىنىدۇ.

بۇلاردىن كېيىن خارەزمشاھ ئەبۇل ئابباس بىننى مەئمۇن سارىيىغا توپلانغان ئالىملارنىڭ تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى خىزمەتلىرى كېيىنكى تارىختا ناھايىتى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭ، ئىلمىي تەجرىبىسى مول بولغان ئالىم ئەبۇ خەير ئەل ھەسەن بىننى سىۋار ئىبنى بابا بىننى بېنھام بىننى ئەل خەممار بولۇپ، 942 - يىلى باغدادتا تۇغۇلغان. ئۇ شۇ يەردە فارابىنىڭ شاگىرتى يەھيا بىننى ئادىدىن (973 - يىلى تۇغۇلغان) مەنتىقە تىل ئىلىملىرىدىن تەلىم ئالغان بولۇپ، تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئىگىلەش ئۇ- پەلسەپە، مەنتىقە تىل ئىلىملىرىدىن تەلىم ئالغان بولۇپ، تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئىگىلەش ئۇچۇن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇل دېفىس خەير ئۈرگەنچكە كېلىپ، خارەزمشاھ مەئمۇن بىننى مەئمۇن سارىيىدا بېرۇنى، ئىبنى سىنا، مەسىھى قاتارلىق ئالىملار بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى خارەزمنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ بېرۇنى بىلەن غەزنىگە كەتكەن ۋە شۇ جايدا 1030 - يىلى 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەبۇل خەير سۇريان تىلىنى ياخشى بىلگەن ۋە شۇ تىلدا يېزىلغان بىرنەچچە كىتابنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۆزىمۇ پەلسەپە ۋە تېبابەتچىلىككە دائىر ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىلىرى تېپىلمىدى. ئەبۇل خەير ئەينى دەۋردە تېۋىپ

سوپىتىدە ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، ئۇنى زاماندىشلىرى «ئىككىنچى بۇقرات (ھىپپوكرات)» دەپ ئاتىغان. ئالىم كۆپ ھاللاردا تېبابەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاناتومىيە، ياشانغانلار پەرھىزى، تېۋىپلارنى سىناش ئۇسۇلى، ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە تونۇتاقلىقا دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىنغان.

ئەبۇل خەير خەممار ئەسەرلىرىنىڭ پارچىلىرى بېرۇنىنىڭ «سەيدەنە» دېگەن ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. بېرۇنى ئۆزىنىڭ مەدەنشۇناسلىققا دائىر «مېنېراللوگىيە» دېگەن ئەسىرىنى يېزىشتا خەممار تەرجىمە قىلغان «ئاتېئوس» ناملىق كىتابتىن، دورىشۇناسلىققا بېغىشلانغان «تېبابەتتىكى دورىشۇناسلىق» دېگەن كىتابنى يېزىشتا خەممارنىڭ تېبابەتكە دائىر «پاۋېل كىتابىغا شەرھ» ۋە «ئوزۇقلۇقلار ھەققىدە كىتاب» دېگەن ئىككى كىتابىدىن پايدىلانغان.

«پاۋېل كىتابىغا شەرھ» ئىگىنە ئارىلىدا تۇغۇلغان ئىسكەندىرىيىلىك تېۋىپ پاۋېل (615 — 690) نىڭ «تېببىي توپلام» دەپ ئاتالغان مەشھۇر ئەسىرىدىكى ئاددىي دورىلار قىسمىغا يېزىلغان شەرھتۇر. بۇنىڭدا خەممار دورىلارنىڭ سۇريان ياكى قەدىمكى يۇنان تىلىدىكى ناملىرىنى، بەزىدە يەرلىك ھەمدە پارس تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھەرخىل دورىلارغا بەرگەن تەۋسىيىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەممارنىڭ «تېۋىپلارنى سىناش» دېگەن ئەسىرىنى خارەزمشاھ مەئمۇن بىننى مەئمۇنغا بېغىشلاپ يازغانلىقى توغرىسىدىمۇ مەلۇماتلار بار. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئەبۇل خەير خەممارنىڭ خارەزمدىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرى بېرۇنى، ئىبنى سىنا، مەسىھى قاتارلىقلارنىڭ تېبابەتچىلىككە ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى بېيىتقان.

مەئمۇنىي خارەزمشاھلار ھامىيلىقىدا تېبابەتچىلىك بىلەن پائال شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ يەنە بىرى ئەبۇ سەھىل ئىسا بىننى يەھيا ئەل مەسىھى ئەل جۇرجانى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن تېبابەت ئىلمىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش ۋە تېببىي تەلىم - تەربىيە ساھەسىدە خىزمەت كۆرسەتكەن.

ئەبۇ سەھىل مەسىھى ئۆز دەۋرىنىڭ يىرىك تەبىئەتشۇناس ئالىمى ئىدى. ئۇ ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، پەلسەپە، تېبابەت ۋە باشقا تەبىئىي پەنلەر بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، ئەسەر يازغان، لېكىن پەن تارىخىدا تولىراق مەشھۇر تېۋىپ سۈپىتىدە سانىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئىنتايىن ئاز. ئەل بەيھەقىنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، ئۇ كاسپىي دېڭىزى بويىدىكى جۇرجان (كورگان) شەھىرىدە تۇغۇلغان (جۇرجانى تەخەللۇسى شۇنىڭدىن كەلگەن)، لېكىن باغدادتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان ھەمدە شۇ يەردە تەلىم ئالغان. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ناسارانى بولسىمۇ، چېركاۋغا بارماي ئۆيىدە ئىبادەت قىلغان.

مەسىھى خارەزمشاھ مەئمۇن بىننى مەئمۇننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن خارەزمگە كېلىپ، بېرۇنى، ئىبنى سىنا، ئەبۇل خەير، ئىبنى ئىراققا ئوخشاش زامانىسىنىڭ يىرىك ئالىملىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان. ئىبنى ئەبى ئۇسەيبىئەنىڭ يېزىشىچە، مەسىھى ئىبنى سىنانىڭ يېقىن دوستى بولۇش بىلەن بىرگە تېبابەتچىلىك ساھەسىدە ئۇنىڭغا ئۇستازلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىبنى سىنانىڭ مەسىھىگە ئاتاپ ئەسەر يازغانلىقىمۇ مەلۇم. مەسىھى 1010 - يىلى سۇلتان مەھمۇدنىڭ غەزنە شەھىرىگە كېلىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ئىبنى سىنا بىلەن بىرلىكتە خۇراسانغا كېتىۋاتقان ۋاقتىدا، يول ئۈستىدە 40 يېشىدا ۋاپات بولغان.

مەسىھىنىڭ قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس. لېكىن، مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ 998 — 1004 - يىللار ئارىلىقىدا، يەنى بېرۇنى جۇرجاندا تۇرۇۋاتقان مەز-

گىلدە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئون ئىككى پارچە كىتاب يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى مەلۇم. ئۇ كىتابلارنىڭ ئۇچى گېئومېتىرىيىگە، ئۇچى ئاسترونومىيىگە، بىرى ئىقلىمشۇناسلىققا، بىرى ئېتىكىغا، بىرى تىلشۇناسلىققا بېغىشلانغان.

مەسىھىنىڭ شېئىر يازغانلىقىمۇ بايان قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ئاساسەن تېبابەتكە دائىر ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ تېبابەتكە دائىر ئەسەرلىرىنىڭ پەقەت سەككىز پارچىسىلا ساقلىنىپ قالغان، يەنى «تېبابەت سەنئىتى بويىچە يۈز كىتاب»، «ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشى ھەققىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ ئېچىلىشى»، «تەبىئىي ئىلىملەر ھەققىدە كىتاب»، «ئومۇمىي تېبابەت ھەققىدە كىتاب»، «چېچەكنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنى (داۋالاش) ھەققىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ ئېچىلىشى»، «ۋابانى ئېنىقلاش، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ۋە پەيدا بولغاندا ئۇنى تۈزىتىش ھەققىدە رىسالە»، «مىزاج (كىشىنىڭ ئۆز تەبىئىتى) مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىش ھەققىدە رىسالە»، «تومۇر تۇتۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى كىتاب» قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا، مەسىھى خارەزمشاھ مەئمۇن بىننى مەئمۇنغا ئاتاپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ھەققىدە كىتاب يازغان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىرىنچى تومى قامۇس خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى تېبابەت ئىلمىگە ئائىت بارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن قولىيازما نۇسخىلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە ھازىرمۇ نۇرغۇن ئەللەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. لېكىن، بۇ ئەسەرلەر ھازىرغىچە نەشر ھەم تەرجىمە قىلىنمىغان.

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بېرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلار ئامبىرىدا ئەسەرنىڭ تولۇق بولمىغان بىر پارچە قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. بۇنىڭدا تېۋىپنىڭ ۋەزىپىلىرى، تېبابەتچىلىككە دائىر نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر، كېسەللىك ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى، ئاددىي دورىلار ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

خارەزم مەئمۇن ئاكادېمىيىسىدە تېبابەتچىلىك ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئالىملاردىن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنامۇ بار. ئۇ ئۆمرىدە 30 نەچچە پارچە ئەسەر يازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە فىزىئولوگىيە، پاتولوگىيىنىڭ ئومۇمىي ۋە يەككە تارماقلىرى، تېراپىيە، جەراھلىق (خىرۇرگىيە)، نېۋرولوگىيە، روھشۇناسلىق (پسىخىئاترىيە)، دورىشۇناسلىق، تازىلىق (گىگىېنا)، دىئېتىكىغا دائىر بىلىملەر بايان قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ بار.

ئالىم خارەزمدە تۇرغان سەككىز يىل (1003 — 1010) دا «تەدبىردە يول قويۇلغان ھەرخىل خاتالىقلارغا قارشى چارە كۆرۈش ئارقىلىق، ئىنسان بەدىنىگە كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك زىيانلارنى يوقىتىش» دېگەن ھەجمى چوڭ، مەزمۇنى مۇھىم ئەسەرنى ياراتقان. بۇ ئەسەر ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، كۆپ نۇسخىدا كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭ 20 نەچچە خىل قولىيازمىسى بۈيۈك برىتانىيە، تۈركىيە، فرانسىيە، ئىران، مىسىر، روسىيە قولىيازما فوندىلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ لاتىن، پارس تىلىدىكى تەرجىمىسىمۇ بار. ئۇنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى 1887 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلىنغان. 1978 ـ، 1980 ـ يىللىرى ئۆزبېك ۋە رۇس تىللىرىدىكى تەرجىمىسى ئىلمىي ئىزاھاتلىرى بىلەن نەشردىن چىققى.

ئەينى دەۋردە رىسالە دەپ ئېيتىلغان بۇ ئەسەر يەتتە ماقالە (قىسىم) دىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدا ئىبنى سىنا داۋالاشتا يول قويۇلغان خاتالىقلار ۋە ئۇلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھاۋانى مۆتىدىللەشتۈرۈش، ئوزۇقلىنىشنى تەرتىپكە سېلىش، تامىقنى مۆتىدىللەشتۈرۈش، ھەزىمنى ياخشىلاش، ئۇيقۇنى تەرتىپكە سېلىش، تەنتەربىيە، سۇ ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ تەسىرى، ھەرىكەت تۈر-

لىرى، قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش ۋە سۈرگە بېرىش، سۈيدۈكنى ھەيدەشكە ئوخشاش داۋالاش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئالاھىدە توختالغان. بۇ توغرۇلۇق «تېب قانۇنلىرى» دېگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرىدىمۇ توختىلىدۇ.

ئىبنى سىنانىڭ خارەزمدە ياشىغان مەزگىلدە بىمارلارنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بار. خۇسۇسەن، ئۇنىڭ بۇ يەردە ھەسەللىك گۈلقەنت (جۇلەنجۇبىن ياكى گۈلەنگەبىن) بىلەن بىر ئايالنىڭ سىل كېسىلىنى داۋالىغانلىقى توغرىسىدا «تېب قانۇنلىرى»دا زىكىر قىلىنىدۇ. ئەسلىدە ئالىم ھەرقايسى دۆلەت ۋە شەھەرلەردە ئېلىپ بارغان تېببىي كۆزىتىشلىرىنى يېزىپ ۋە يىغىپ، كېيىنچە ئومۇملاشتۇرۇپ «تېب قانۇنلىرى»غا كىرگۈزگەن.

بۇ ئەسەر ئىبنى سىنانىڭ پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ تەسىرىدە كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا پۈتۈن شەرقتە نۇرغۇن تېببىي ئەسەرلەر يارىتىلدى. شۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرى خارەزمشاھ دەۋرىدە ياشىغان ئىسمائىل جۇرجانى خارەزمىنىڭ «خارەزمشاھ خەزىنىسى» دېگەن پارس تىلىدىكى ئېنسىكلوپېدىيىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىبنى سىنانىڭ «تېب قانۇنلىرى» دېگەن ئەسىرى ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىشنى لايىق كۆردۇق.

ئىبنى سىنانىڭ «تېب قانۇنلىرى»ناملىق ئەسىرى ئۆز دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ مۇپەسسەل قامۇسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسان سالامەتلىكى ۋە كېسەللىكلەرگە دائىر بارلىق مەسىلىلەر مەنتىقىي تەرتىپتە بايان قىلىنغان. ئىلگىرى تېبابەتچىلىك ئاساسەن ھۈنەر ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيتتى، پەقەت ئەمەلىيەت بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئىبنى سىنا تېبابەتنى ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن، شۇنداقلا يۇنان، رىم، ھىندى، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق تېۋىپلىرىنىڭ تەجرىبە - پىكىرلىرىگە ئاساسلىنىپ، تېبابەتكە دائىر نەزەرىيىۋى، ھەم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى «تېب قانۇنلىرى» دا پىششىقلاپ ئىشلەپ چىققان.

ئىبنى سىنا باشتا بۇخارا كۇتۇپخانىسىدا مۇتالىئە قىلىپ يۈرگەن يىللىرىدا، كېيىن خارەزمدە ياشىغان دەۋرلىرىدە ماتېرىيال يىغىپ، 1012 - يىلى، يەنى جۇرجانغا كەلگەندىن كېيىن، «تېب قانۇنلىرى» نىڭ 1 - تومىنى يېزىشقا كىرىشكەن. قالغان توملىرىنى راي ۋە ھەمەداندا ياشىغان مەزگىلدە، يەنى 1015 — 1024 - يىللار ئارىلىقىدا يازغان.

ئىبنى سىنا «تېب قانۇنلىرى»نى يېزىشتا يۇنان تېۋىپلىرىدىن بۇقرات (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 - 5 - ئەسىر)، دىئوسكورىد (1 - ئەسىر)، جالىنۇس (129 — 200)، ئورىبازى (325 — 402)، پاۋىل (615 — 690)، ھىندىستان تېۋىپلىرىدىن چاراكا (1 - ئەسىر) ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىدىن يېتىشىپ چىققان ئەبۇ جۇرەيج (8 - ئەسىر)، ماسەر جەۋەيھ (8 - ئەسىر)، مەسىھ ئەد - دەمەشقى (9 - ئەسىر)، ئىبنى ماسەۋەيھ (777 — 857)، سابۇر ئىبنى سەھل (؟ — 869)، سەھار بۇخت (9 - ئەسىر)، ئەبۇ بەكرى رازى (865 — 925)، ئەبۇ سەھل ئەل مەسىھى (10 - ئەسىر) قاتارلىق ئالىملارنىڭ تېببىي ئەسەرلىرىدىن مەنبە سۈپىتىدە پايدىلانغان. «تېب قانۇنلىرى» نىڭ ھەربىر تومى ئۆز نۆۋىتىدە قىسىم (پەن)، بۆلۈم (جۈملە)، ماقالە (ماقالە) ۋە پاراگراف (پەسىل)لارغا بۆلۈنگەن.

«تېب قانۇنلىرى» نىڭ 1 - تومىدا تېبابەتنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى ۋە ئەمەلىي تېبابەتچىلىككە ئائىت ئومۇمىي مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. 2 - تومى تېبابەتچىلىكتە قوللىنىلىدىغان دورىلار ھەققىدىكى زۆرۈر مەلۇماتلار بايان قىلىنغان مۇكەممەل مەجمۇئەدۇر. ئۇ-

نىڭدا ئۆسۈملۈك، جانىۋار ۋە مەدەنلەرنى ئاساس قىلغان 800 خىلدىن ئارتۇق رېتسېپ، ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى ۋە قوللىنىش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان. 3 ـ تومى ئىنساننىڭ بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە بولغان ئەزالىرىدا يۈز بېرىدىغان «خۇسۇسىي» ياكى «يەرلىك» كېسەللىكلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. 4 ـ تومى ئىنسان ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىگە خاس بولمىغان. «ئومۇمىي» كېسەللىكلەرگە بېغىشلانغان. 5 ـ تومى دورىشۇناسلىققا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇرەككەپ تەركىبلىك دورا تەييارلاش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان. «تىب قانۇنلىرى» 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلىپ تۈگىشى بىلەنلا تىبابەت ئىلمىگە ئائىت ئەڭ مۇكەممەل ئەسەر سۈپىتىدە شۆھرەت قازىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپلەپ كۆچۈرۈلۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. ئۇنىڭ شەرقتە شۇنچىلىك شۆھرەت قازانغانلىقىنى قولىيازمىلىرىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ۋە جاھان كۇتۇپخانىلىرىدا نۇسخىلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ساقلانغانلىقىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئىران ئالىمى يەھيا مەھدەۋىنىڭ «ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىنىڭ فىھرىستى» دېگەن كىتابىدا «تىب قانۇنلىرى» نىڭ 130 خىل نۇسخىسى كەلتۈرۈلگەن. ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇ رەيھان بېرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازمىلار خەزىنىسىدە بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل قولىيازمىسى ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمىيسى 1308 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئەڭ تولۇق نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

«تىب قانۇنلىرى»غا ئالىملار كۆپلىگەن شەرھلەرنى يازغان مۇھەممەد ئىلاقى (11 ـ ئەسىر)، فەخرىددىن رازى (12 ـ ئەسىر) مۇھەممەد نەخچىۋانى، ئىبنى ئەن ـ نەفىس (13 ـ ئەسىر) قۇتبىددىن شىرازى (14 ـ ئەسىر) مەھمۇد چەغمىنى (14 ـ ئەسىر)، ئابدۇللا ئاقسارايى (16 ـ ئەسىر) ئىسھاقخان ئىبنى ئىسمائىلخان (18 ـ ئەسىر)، ھەكىم شىفائىخان (19 ـ ئەسىر) لارنىڭ قىلغان ئىشلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

جۇڭگودا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (1271 — 1368) پايتەخت خانبالىق (بېيجىڭ) شەھرىگە مەركىزىي ئاسىيادىن تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ساھەدىن بىلىملىك ئادەملەر بېرىپ، خان ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن كىتاب ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. شۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە «تىب قانۇنلىرى» مۇ بار بولۇپ، شۇ دەۋرلەردە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭدەك جۇڭگو ئالىملىرى «تىب قانۇنلىرى» ئاساسىدا «خۇيخۇي ياۋفاڭ» («مۇسۇلمان تىبابىتى») ۋە «بېنساۋ گاڭمۇ» («دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى») دېگەن ئىككى كىتابنى يېزىپ چىققان.

«تىب قانۇنلىرى» نىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى تۇنجى بولۇپ 1593 ـ يىلى بېسىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن قاھىرە (1873، 1877، 1879)، تېھران (1889)، لەكنەۋ (1906) ۋە لاھوردا (1905) نەشر قىلىنغان. مەلۇمكى، 9 — 12 ـ ئەسىرلەردە مەركىزىي ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن ئىلىم ـ پەن ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىن، غەرب مەملىكەتلىرىدە شەرق پېنى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتىگە قىزىقىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. شەرق ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەب تىلىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە ھەرىكىتى ئەڭ دەسلەپتە ئەرەب مەدەنىيىتى تەسىر دائىرىسىدە بولغان ئىسپانىيىدە باشلانغان، ھەتتا 1130 ـ يىلى ئىسپانىيىنىڭ تولېدو شەھرىدە تەرجىمانلار گۇرۇھىمۇ شەكىللەنگەن. كرېمانلىق گېرارد (1114 — 1187) «تىب قانۇنلىرى»نى ئەرەب تىلىدىكى ئەسەرلەر قاتارىدا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشنى 13 ـ ئەسىردە ياشىغان باشقا بىر گېرارد ئىسىملىك تەرجىمان باشقا ئېلىپ چىققان. شۇنىڭدىن باشلاپ «تىب قانۇنلىرى» ياۋروپا تېۋىپلىرىنىڭ ئاساسىي قوللانمىسىغا ئايلانغان ۋە ياۋروپادا تىببىي ئە-

سەرلەر شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ يېزىلغان، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تىبابەت پېنى شۇ ئەسەر بويىچە ئۆ-
تۈلگەن. تاكى 1650 ـ يىلىغا قەدەر تىبابەت فاكۇلتېتىنىڭ دەرسلىك كىتابىنىڭ يېرىمىنى
ئىبنى سىنانىڭ شۇ كىتابى تەشكىل قىلغان. بۇ كىتابقا بولغان ئېھتىياج شۇنچىلىك زور بول-
غانكى، ھەتتا 15 ـ ئەسىردە ياۋروپادا كىتاب بېسىش تېخنىكىسى قوللىنىلغاندا، دەسلەپ بېسىلغان
كىتابلارنىڭ قاتارىدا «تېب قانۇنلىرى»مۇ بار بولۇپ، 1473 ـ يىلى ستراسبۇرگ شەھىرىدىمۇ بېسىل-
غان. ئومۇمەن، بۇ ئەسەر لاتىن تىلىدا تولۇق ھالدا 40 قېتىمدىن ئارتۇق نەشر قىلىنغان، ئايرىم قى-
سىملىرىنىڭ نەشرى بولسا سان ـ ساناقسىز.

19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، يەنە ياۋروپادا «تېب قانۇنلىرى»غا قىزىقىش باشلىنىپ، ئۇنىڭ
ئايرىم قىسىملىرى نېمىس، فرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. «تېب قانۇنلى-
رى»نىڭ ھازىرقى زامان تىللىرىدىن ئۆزبېك ۋە رۇس تىللىرىدىكى تولۇق تەرجىمىسى ئىبنى
سىنانىڭ يۇرتىدا ئەمەلگە ئاشتى. 1954 — 1961 ـ يىللاردا ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئۇبەيدۇللا
كەرىموف باشچىلىقىدا ئالىي، ئەبۇ پەتتاھ رەسۇلوف، سادىق مىرزايېف، پاۋېل گرىگورىۋىچ بولگا-
كوف قاتارلىق بىر گۇرۇھ شەرقشۇناسلارنىڭ تاشكەنتتىكى شىپاكارلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئې-
لىپ بارغان ئىلمىي مېھنەتلەرىنىڭ نەتىجىسىدە بەش كىتابىنىڭ ھەممىسى نەشردىن چىقىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ھازىرغىچە «تېب قانۇنلىرى» تولۇق ۋە مۇختەسەر شەكىلدە ئون
قېتىم بېسىلدى.

خارەزم مەئمۇن ئاكادېمىيىسىدە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ قاتارىدا ئەبۇ
رەيھان بېرۇنىنى تىلغا ئېلىش مۇۋاپىقتۇر. ئۇ گەرچە تېببىي ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللانمىغان
بولسىمۇ، خارەزمدە ياشىغان مەزگىلدە خارەزمىنىڭ تەبىئىتى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك دۇنياسىنى
چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆز پىكرى ۋە كۆزىتىش نەتىجىلىرىنى قەيت قىلىپ بارغان. ئۇنىڭدىن باشقا
ئۇ دورىلىق ماددىلار، شۇ جۈملىدىن ئۆسۈملۈكلەرنى ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن كۆزد-
تىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك نامىلىرىنى ئەرەب، پارس، سۇريان، يۇنان، كېيىن ھىندى تىللىرىدىكى
نامىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بولغۇسى كىتابى ئۈچۈن مەلۇمات توپلىغان. بېرۇنىنىڭ دورىلارنىڭ
ھەر خىل تىللاردىكى نامىلىرىنى بىلىشكە قىزىقىشى بىكار ئەمەس ئىدى، چۈنكى دورىلارنىڭ
ھەرخىل تىللاردىكى نامىلىرىنى بىلمەسلىك داۋالاشتا چوڭ خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى
مۇمكىن ئىدى. بۇ توغرىدا بېرۇنى بىر مىسال كەلتۈرىدۇ: «بىرەر دورىنىڭ تۈرلۈك تىللاردىكى
نامىنى بىلىشنىڭ نۇرغۇن پايدىسى بار. ئەسلىشىمچە، خارەزم ئەمىرلىرىدىن بىرى ئاغرىپ قال-
غىنىدا، كېسىلگە قارشى دورا تەركىبىنى (رېتسېپىنى) نىشاپۇردىن كەلتۈرۈپتۇ. ئۇنى دورىپۇ-
رۇشلارغا كۆرسەتكەندە، ئۇلار بىر خىل دورىنى تاپالماپتۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىلا بۇ
دورىنىڭ ئۆزىدە بارلىقىنى ۋە ئۇلارغا 15 دەرھەم دورىنى 500 دەرھەم كۈمۈشكە ساتىدىغانلىقىنى
ئېيتىپتۇ. باشقىلار بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دورىپۇرۇش كەسپداشلىرىغا گۈلسە-
پەر (چىغىرتماق) يىلتىزىنى بېرىپتۇ. كەسپداشلىرى ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ:
‹سىلەر خۇسۇسىيىتىنى ئەمەس، نامىنى بىلمىگەن نەرسەڭلەرنى سېتىۋالدىڭلار› دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ».

بېرۇنىنىڭ ماددىلار خۇسۇسىيەتلىرىگە، نامىلىرىغا بولغان قىزىقىشلىرى «خرونولوگىيە»،
«گېئودېزىيە»، «مېنېراللوگىيە» دېگەن ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇلار ئالىمنىڭ پۈتۈن
ئۆمرىدە يىغقان مەلۇماتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان «تېبابەتتە دورىشۇناسلىق» ياكى «فارماكوگنوزد-

يە» دېگەن ئەسىرىدە تولۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئەسەرنى يېزىشتا بىرۇنىنىڭ خارەزمدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي كۆزىتىشلىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىدا شەك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر ھەققىدىمۇ قىسقىچە توختىلىشنى لايىق تاپتۇق.

«سەيدەنە» («قىسقىچە تېببىي دورىشۇناسلىق» كىتابىنىڭ ئەرەبچە نامى) بىرۇنى ئىلمىي پائا-لىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابنى يېزىپ، تەھرىرلەپ تۈزىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا ئالەمدىن ئۆتكەن. لېكىن، ئەسەرنىڭ يارىتىلىش جەريانىدا بىرۇنىغا غەزنىلىك ئەبۇ ھامىد ئەھمەد بىننى مۇھەممەد ئەن نەھشەئى ئىسىملىك تېۋىپ نۇرغۇن ياردەم بەرگەن ۋە ئەسەرنىڭ ئايرىم ماقالىلىرى شۇ كىشىنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان. «سەيدەنە» خېلىلا چوڭ ھەجىملىك مۇقەددىمە ۋە فارماكوگونوزىيە قىسمىدىن تەركىب تاپقان. مۇقەددىمە ئۆز نۆۋىتىدە كىرىش قىسمى ۋە بەش بابدىن تەشكىل تاپقان. كىرىش قىسمىدا مۇئەللىپ سەيدەنە (فارماكوگونوزىيە) ۋە سەيدەنەنائىي (دورىشۇناس) ئاتالغۇلىرىغا چۈشەنچە بېرىپ، بۇ پەننىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە باشقا تېببىي پەنلەردىكى ئورنى ھەققىدە سۆزلىگەن.

كىتابنىڭ 1 ـ بابىدا ھىندى، پارس ۋە تۈركىي سۆزلەردىكى «چ» تاۋۇشىنىڭ ئەرەبلەشتۈ-رۈلگەن سۆزلەردە «س» گە ئايلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇنىڭغا بىرقانچە مىسال كەلتۈرىدۇ ۋە «سەيدەنەنائىي» سۆزىنىڭ ھىندى تىلىدىكى «چەندەن» (سەندەل) سۆزىدىن ياسالغان «چەيدەنانىي» (سەندەل دەرەخ ساتقۇچى) دىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

2 ـ بابتا دورىلارنىڭ ئاددىي ۋە مۇرەككەپ دەپ بۆلۈنۈشى، «ئەقاقىر» ئاتالغۇسىنىڭ ئەرەب تىلىدا دورىلىق ماددىلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقى، زەھەر ۋە دورىلارنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ.

3 ـ بابتا بىر دورىنى باشقا دورا بىلەن ئالماشتۇرۇش، قەدىمكى ۋە مۇئەللىپكە زاماندا ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان كەمچىلىكلەر ھەمدە تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ئىلىملار راۋاجىغا قوشقان تۆھپىلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ.

4 ـ بابتا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، بۇ تىللارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن يات ئىكەنلىكىنى، ئانا تىلى خارەزم تىلى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلىم ئۈچۈن پەقەت ئەرەب تىلىنى قورال دەپ قارايدۇ.

5 ـ بابتا ئالىمنىڭ ياشلىقىدا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇنانچە ناملىرىغا قىزىققانلىقى، ئەرەب يې-زىقىنىڭ يۇنانچە ئاتالغۇلارنى ھەرقاچان توغرا ئىپادىلىيەلمەيدىغانلىقى، يۇنان كىتابلىرىنىڭ ئە-رەبچە تەرجىمىسىدە سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ. بابنىڭ ئا-خىرىدا «سەيدەنە» نىڭ تۈزۈلۈش پرىنسىپلىرى بايان قىلىنىدۇ.

مۇقەددىمىدىن كېيىن ھەربىر دورىغا بېغىشلانغان ماقالىلەر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئو-رۇنلاشتۇرۇلغان. جەمئىي 1116 پارچە ماقالە ئېلىپبە ھەرپلىرى سانىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ 29 بۆ-لۈمگە بۆلۈنگەن، ھەجمى ھەرخىل، بىرنەچچە سۆزدىن بىرنەچچە ۋاراققىچە. بۇ كىتابنىڭ تولۇق ساقلىنىپ قالغىنىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ دورىنىڭ مەلۇملۇق دەرىجىسىگىمۇ باغلىق بولۇشى مۇم-كىن. ھەربىر ماقالىدە بىر خىل دورىنىڭ يۇنانچە، سۈريانچە، پارسچە، ھىندىچە ياكى باشقا

تىللاردىكى ناملىرى، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، ياخشى - يامان تۇرلىرى، كېلىپ چىققان جايلىرى ۋە بەدەللىرى، ئەرەبچە نامىنىڭ ئىزاھلىرى بېرىلگەن. دورىنىڭ ئەرەبچە ئىشلىتىلىدىغان نامى ماقالە سەرلەۋھىسىگە چىقىرىلغان، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دورىلارنىڭ تېببىي تەسىرى سۆزلەنمىگەن. بۇ ئەسەر بۇ جەھەتتىن شۇ دەۋردىكى باشقا دورىشۇناسلىق كىتابلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. لېكىن، بېرۇنى «سەيدەنە» نى يارىتىشتا رازى تەرىپىدىن يېزىلغان كۆپ جىلدلىق تېببىي ئېنسىكلوپېدىيە «هاۋىي»نىڭ «سەيدەنە» قىسمىدىن ئۈلگە سۈپىتىدە پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىككى «سەيدەنە» نىڭ ئارىسىدا ئورتاقلىق مەۋجۇت.

«سەيدەنە» دە توپلانغان 1116 خىل دورا ماددىسىنىڭ 107 سى مەدەن، 880 ى ئۆسۈملۈك ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ۋە مەھسۇلاتلىرى، 101 سى هايۋانات مەھسۇلاتلىرى، 30 غا يېقىنى مۇرەككەپ دورىلار. ئۇ بۇ دورىلارنىڭ ھەرخىل تىل، شېۋىلەردىكى ناملىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئالىم كەلتۈرگەن تۈرلۈك تىل ۋە شېۋىلەردىكى ئاتالغۇلارنىڭ سانى 4500 گە يېقىن بولۇپ، بۇ ئىشى بىلەن ئۆز دەۋرىدە دورىشۇناسلىق ئاتالغۇلىرىنى تەرتىپكە سېلىشتا ئۇلۇغ تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، هازىرقى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە باشقا ماددىلارنىڭ تەركىبى، ناملىرىنى توغرا ئېنىقلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەۋجۇت يەرلىك دورىلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.

بېرۇنى «سەيدەنە» نى يېزىشتا ئۆزىدىن 1500 يىل بۇرۇن ئۆتكەن 250 مۇئەللىپنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان. ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ۋە ئىسىملىرىنى بىز پەقەت «سەيدەنە» دىكى بېرۇنى كەلتۈرگەن مەلۇماتلاردىن بىلىشكە مۇيەسسەر بولالىدۇق. شۇلار جۈملىسىدىن بېرۇنىدىن بۇرۇن ئۆتكەن، تېبابەت ساھەسىدە مەشھۇر بولغان ئەبۇل خەير خەممار، ئەل مەسىھىلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بېرۇنى ئۇلاردىن ئالغان مەلۇماتلارنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆز ئەمەلىدە، بولمىسا باشقا مەنبە ياكى دورىپۇرۇشلاردىن ئاڭلىغان مەلۇماتلار ئاساسىدا تەكشۈرۈپ كۆرگەن. نۇرغۇن دورىلارغا ئۆزى ئىزاھات بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى «سەيدەنە» نىڭ ئىلمىي جەھەتتە ئىشەنچلىك مەنبە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا «سەيدەنە» ھىندىستاندا ئەبۇ بەكرى بىننى ئوسمان ئەل كاسانى تەرىپىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا كەڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. پارس تىلىدا يېزىلغان كۆپلىگەن ئەسەرلەردە «سەيدەنە»دىن پارچىلار ئېلىنغان، باشقا تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭدىن «سەيدەنە» ئەسىرىنىڭ دورىشۇناسلىقنىڭ مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئالاھىدە ئورنى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، خارەزم مەئمۇن ئاكادېمىيىسىدە تېبابەتچىلىك ساھەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە، ئۆتمۈش تېبابەتتىكى مەۋجۇت ئەنئەنىلەرگە سادىق بولغان ھالدا، تېببىي ئىلىم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەر قوشۇلدى.

(ئاپتورلار ئۆزبېكىستان تاشكەنت ئەبۇ رەيھان بېرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا

# ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەككە ئائىت پەرھىزلىرى

ئەنۋەر سەمەت قورغان

كىيىم - كېچەك — مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ئىنسانلار بىلەن تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە - تەسىرلەر داۋامىدا پەيدا بولغان ھەم تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن گارمونىيىلىك ماسلىشىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا كىيىم كىيىشنى ئۆگەندى. ئۇزاققا سوزۇلغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىنسانلار كىيىمنى پەقەت بەدىنىنى سوغۇقتىن ساقلاش ئۈچۈنلا كىيىپ قالماستىن، بەلكى كىيىم - كېچەك بىلەن بەدىنىنى زىننەتلەش، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك قارىشىنى ۋە خۇشاللىق - ھەۋەسلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۆگەندى. ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، كىشىلەر كىيىم - كېچەك ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە مەرتىۋىنى ئىپادە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپ، كىيىم - كېچەكنىڭ ئىجتىمائىي بەلگە ۋە سىمۋول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىنسانلار يەنە كىيىم - كېچەك ماتېرىياللىرىنى ياساش ۋە ئۇلارنى كىيىم - كېچەككە ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىپ، كىيىم - كېچەكنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى كۆنسېرى مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن كىيىم - كېچەكنىڭ شەكلى، كىيىش ئۇسۇلى ۋە باشقا تەرەپلەرگە ئالاقىدار ئىجتىمائىي ئۆلچەم — قېلىپلار (مەسىلەن، كىيىم - كېچەك ئادىتى، قانۇنى، پەرھىزلىرى دېگەندەك) شەكىللەندى. گەرچە ئوخشاشمىغان دەۋر ۋە ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەككە ئالاقىدار ئىجتىمائىي ئۆلچەملىرى ھەرخىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ دەۋر، شۇ مىللەتكە خاس مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان ھەربىر شەخسنى مەلۇم جەھەتلەردە تىزگىنلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭى، ئىدىيىسى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەككە ئالاقىدار پەرھىزلىك ئادەتلىرىنى كىيىم - كېچەك ئادىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كىيىم - كېچەكنىڭ رەڭگى، ماتېرىيالى، پاسونى، كىيىش قويۇش ۋە يۇيۇش - ياماش ئۇسۇللىرى قاتارلىق نۇقتىلار بويىچە مۇلاھىزە قىلىمىز:

### 1. كىيىم - كېچەكنىڭ رەڭگىگە ئالاقىدار پەرھىزلەر

رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە ھەقىقەتەن روشەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. رەڭگىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ كىيىم - كېچەكلەردە يۇقىرى - تۆۋەنلىك، قۇت ياكى نەسلىك، ياخشى - يامانلىق چۈشەنچىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان بىرقانچە خىل رەڭنى ئۇلۇغلاپ،

شۇ خىل رەڭلەردىكى ھەممە نەرسىنى ياخشى كۆرگەن ۋە شۇلارغا مايىل بولغان، شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا يەنە قىسمەن رەڭلەرنى يامانلىق ۋە شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ قاراپ، شۇ خىل رەڭ-
لەردىكى كىيىملەرنى كىيىشتىن پەرھىز قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار رەڭ ئارقىلىق ئى-
پادىلىنىدىغان جىنس پەرقى مەسىلىسىگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم
رەڭلەردىكى كىيىملەرنى كىيىش جەھەتتىمۇ قىسمەن چەكلىمىلەرنى پەيدا قىلغان. بۇنداق پەر-
ھىزلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بېرى مەلۇم دىن ھەمدە ئۆزلىرى ياشىغان رايوننىڭ جۇغراپىيە-
لىك شەرت - شارائىتى تەسىرىدە مەلۇم رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە
كىيىم - كېچەك ساھەسىگە سىڭىپ كىرگەن.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئاق رەڭنى بەخت - ئامەت، ياخشىلىق، پاكلىق، ئالىيجانابلىق... نىڭ
سىمۋولى سۈپىتىدە، يەنە كۆك رەڭنى ئىپتىدائىي شامان ئېتىقادى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا
ياخشىلىق - ئامەت ھەم ئىلاھىي تۈسنىڭ سىمۋوللۇق بېشارىتى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كەلگەن.
قىزىل رەڭنى بولسا ياخشىلىق، خۇشاللىق، بەخت - سائادەت ۋە غەلىبىنىڭ سىمۋولى دەپ؛
سېرىق رەڭنى مول - ھوسۇل، بايلىق ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ سىمۋولى دەپ؛ يېشىل رەڭنى ھايات-
لىقنىڭ، تىنچلىقنىڭ ۋە مۇنبەتلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ كەلگەن. قارا ۋە باشقا سۇس، سوغۇق
رەڭلەرنى بەزىدە يامانلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدىمۇ تونۇپمۇ كەلگەن. بىراق، ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارى-
غاندا، رەڭنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن بېشارەت بېرىش خۇسۇسىيىتى مۇقىملىققا ئىگە ئەمەس،
بەلكى ئۇ نىسپىي ئەھۋالدۇر.

دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئەرلىرى بىلە ئاياللىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ
رەڭگىدە روشەن پەرق شەكىللەنگەن. ئىسلامىي قائىدە بويىچە، ئۇيغۇرلاردا ئەرلەر قىزىل، توق
سېرىق رەڭدىكى ياكى رەڭگى ئوچۇق، گۈل، نەقىشلىرى چوڭ كىيىملەرنى كىيىشتىن پەرھىز
قىلىدۇ. ئەرلەر كىيىملىرىنىڭ ئىمكانقەدەر سوغۇق ۋە سۇس رەڭلەردە بولۇشى تەكىتلىنىدۇ. كە-
يىنىش جەھەتتە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشىشىپ قېلىشى (مەيلى قەستەن بولسۇن ياكى ئاڭسىز رە-
ۋىشتە بولسۇن)، ئاياللاردەك توق ۋە روشەن رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىشى قاتتىق ئەيىبلە-
نىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى رەڭگى ئوچۇق، گۈللۈك ياكى نەقىشلىك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم-
لەرنى كىيىشنى ئالاھىدە ياقتۇرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ رەڭلىك كىيىملەرنى
كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ قارىغان. بولۇپمۇ ئۇ قىزلار ۋە ياش ئاياللارنىڭ رەڭلىك كىيىم-
لەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى شۇ دەۋردىكى مۇنداق بىر ھېكمەت بىلەن يىغىنچاقلى-
غان: «قىلىنقىلىناي دېسە قىزىل كىيەر، ياراي دېسە يېشىل كىيەر»①. بۇ خىل ئەنئەنىمۇ ھازىرغا
قەدەر ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەمما، قىسمەن ئاياللار ئارى-
سىدا سېرىق كىيىم كىيىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئەھۋال بار. ئۇلار «سېرىق كىيىم كىيسە،
كۆڭلىگە قايغۇ تولىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا يەنە «ئەشمىس پاتىمەمنىڭ كوندىشى سېرىق كە-
يىم كىيەرمىش» دېگەن قاراش سەۋەبىدىنمۇ توق سېرىق رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىشتىن پەر-
ھىز قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار كىيىم - كېچەكنىڭ رەڭگىنى يەنە مۇراسىم خاراكتېرىگە قاراپ ئۆزگەرتىدۇ. ئو-
مۇمەن ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ قاتارلىق قايغۇلۇق پائالىيەتلەرگە قىزىل، سېرىق، يې-

① مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - توم، 512 - بەت.

شىل دېگەندەك ئوچۇق رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىپ قاتناشمايدۇ. بەلكى قارا، كۆك (ياكى قارا-كۆك) ۋە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كېيىپ بارىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەمەس، بەلكى رەڭ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن كەيپىيات ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. توي - تۆكۈن، مەشرەپ قاتارلىق مۇراسىملاردا كىيىدىغان كىيىملەرنىڭ رەڭگىگە ئالاھىدە چەكلىمە قويۇلمىسىمۇ، ئەمما قايغۇ تۈسىنى بېرىدىغان تۇم قارا، تۇم سېرىق كىيىملەرنى كىيىش پەرھىز قىلىنىدىغان ئىش سانىلىدۇ. كىيىم - كېچەكنىڭ رەڭگى يەنە كىشىلەرنىڭ ياش قۇرامى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بوۋاقلارغا كىيىم - كېچەك قىلغاندا، ئوغۇل - قىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭ جەھەتتە پەرقلىق بولۇشىغا ئېتىبار بەرگەندىن سىرت، يەنە ياش - قۇرامىغا قاراپ كىيىملەرنىڭ رەڭگىنى تاللايدۇ، بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەرنىڭ ياشلاردەك رەڭگى ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىۋېلىشىنى يامان كۆرىدۇ. شۇڭا، مەيلى ئەرلەر بولسۇن ياكى ئاياللار بولسۇن، ياشانغان بولسىلا ئاساسەن ئاق، قارا، كۆك، كۆل رەڭ ··· دېگەندەك سۇس، سوغۇق رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكنىڭ رەڭگىگە بولغان قارىشى ۋە مەلۇم رەڭلەرنى ئۇلۇغلاپ، مەلۇم ئەھۋالدا مەلۇم رەڭلەردىن پەرھىز قىلىشى ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭلەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى بىلەن دىنىي ئېتىقاد ۋە دەۋر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇقىم بىر فورمۇلا بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇلارنىڭ نىسپىي ھالدا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە شامانىزم دەۋرلىرىدە ئاق ۋە كۆك رەڭلەرنى ئۇلۇغلىغانلىقى، بۇددا دىنى دەۋرىدە سېرىق رەڭنى ئۇلۇغلىغانلىقى، مانى دىنى دەۋرىدە ئاق رەڭنى ئۇلۇغلىغانلىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن تارتىپ يېشىل رەڭگە قوشۇپ قارا رەڭنى ئۇلۇغلىغانلىقىدەك ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ۋە شەخسىي ئەركىنلىك تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ھازىرقى دەۋردە شەھەرلەردىكى قىسمەن كىشىلەر ئارىسىدا كىيىم - كېچەكنىڭ رەڭگىگە قارىتىلغان كۆپ قىسىم پەرھىزلىك ئادەتلەرگە سەل قارايدىغان يېڭىچە ئەھۋال باش كۆتۈرمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىسمەن كىشىلەر ئارىسىدا ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە ئەقىدىگە خىلاپ ھالدا كىيىم - كېچەك رەڭگىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى قوغلىشىپ، سىرتقى مەدەنىيەت شەكىللىرىگە تەقلىد قىلىشتەك ئەھۋالمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئەمما، يېزا - قىشلاقلاردىكى ئۇيغۇرلار كىيىم رەڭگىنىڭ تاللىنىشىغا ھېلىھەم ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ.

### 2. كىيىم - كېچەك ماتېرىيالىغا ئائىت پەرھىزلەر

ئۇيغۇرلار تارىخ مابەينىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىپ كەلگەن كىيىم ماتېرىيالى تېرە ۋە يۇڭدۇر. قەدىمكى ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇر مىللىي كىيىملىرى يۇڭ ۋە تېرىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تېرە ۋە يۇڭدىن قىلىنغان كىيىملەرنى كىيىش تارىخى بەك ئۇزۇن. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچىكىگە ئىشلىتىلىدىغان يۇڭ ۋە تېرە ئاساسەن قوي، كالا، تۆگە ۋە ئۆچكىلەردىن ئېلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى يىپەكتۇر. ئۇيغۇر يىپەكلىرىنىڭ تۈرى ھەرخىل بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ئەتلەس، ئاق يىپەك قاتارلىقلار بەك مەشھۇر. ئۇيغۇرلار يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشلاپلا يىپەك رەختلەردىن كىيىم كىيگەن. ئەمما، ئىسلام دىنى شارائىتىدا يىپەك كىيىملەر ئايال جىنسلىقلارغىلا خاس بولۇپ قېلىپ، ئەر-

لەرنىڭ ئالتۇن زىبۇزىننەتلەرنى تاقىماسلىقى (ئىشلەتمەسلىكى) تەكىتلەنگەندىن سىرت، يەنە يىپەكتىن
تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيمەسلىكىمۇ تەشەببۇس قىلىنىدى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىر ھەدىسىدە
مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق
دېگەن: بۇ دۇنيادا يىپەك رەختتە كىيىم كىيگۈچىلەر ئاخىرەتنىڭ يىپەك كىيىملىرىدىن مەھرۇم
قالىدۇ»» ①. «قۇرئان» دىمۇ جەننەت ئەھلىنىڭ يىپەك كىيىملەرنى كېيىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن
بولۇپ، ئەرلەرنىڭ جەننەتتە يىپەك كىيىم كىيىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيىشتىن
ساقلىنىشى شەرت قىلىنغان. يىپەك كىيىملەر ئومۇمەن يۇمشاق، نەپىس بولۇپ، بەدەنگە راھەت
بېغىشلايدۇ، كىيگۈچىنى لاتاپەتلىك، نازاكەتلىك كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنىدا ئەر-
لەرنىڭ جاسارەتكە، قاتتىق ئۇستىخانغا ھەم زەبەردەس گەۋدىگە ئىگە بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، يە-
پەك كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلىنىشى تەكىتلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن
باشلاپلا ئەرلەر يىپەك كىيىم كىيىشتىن مەلۇم جەھەتتە پەرھىز قىلىدىغان بولدى، ھەتتا مەھمۇد
قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە «بال» سۆزىنى شەرھلىگەندە، مۇنداق بىر شېئىرنى مىسال
كەلتۈرۈپ، يىپەك كىيىمنى كىيىشنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىدۇ:

«شەيتان سېنى قارشى ئېلىپ تۇتتى بال،
يىپەك كىيدىڭ، چۇشەنمىدىڭ، ئەقىلسىز بولۇپ قال» ②.

ئىسلام دىنى شارائىتىدا ئەرلەر يىپەك كىيىملەرنى كىيىشتىن ئاساسەن پەرھىز قىلدى. نە-
تىجىدە ئەتلەس قاتارلىق يىپەك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ
خاس مىللىي كىيىمى بولۇپ قالدى.
بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېخنىكىۋى مەسىلىلەر ياكى سالامەتلىك كۆزدە تۇتۇلۇپ بارلىققا كەلگەن
كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ماتېرىيالىغا ئائىت پەرھىزلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەت
خاراكتېرلىك چەكلىمە ئەمەس، بەلكى تەجرىبە خاراكتېرلىك چەكلىملەر بولغاچقا، ئۇلارنى پەر-
ھىز ئۆرپ - ئادىتى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئۇلارنى تىلغا ئالمايمىز.

3. كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاسونىغا ئائىت پەرھىزلەر
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى پەرقلەر ئەڭ زور دەرىجىدە كىيىم -
كېچەكلەرنىڭ پاسونىدا ئىپادىلىنىدۇ. كىيىم - كېچەك ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئىنسانلار يا-
شىغان مۇھىت، بولۇپمۇ كىلىمات شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
كىيىم - كېچەكلىرىدىن بىز تەبىئىي مۇھىت بىلەن كىلىمات شارائىتىنىڭ كىيىم - كېچەك-
لەرنىڭ پاسونى ھەم ئىشلىتىلىش قىممىتىگە قارىتا زور روللارنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالاي-
مىز. سوغۇق بەلۋاغ ۋە مۆتىدىل بەلۋاغ رايونلىرىدا ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، تۆت پەسىلگە
ماسلاشتۇرۇپ تىكىلىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنىڭ نۇسخىلىرى ۋە پاسونلىرى كۆپ خىل، ماتې-
رىيال ئىشلىتىش ۋە تىكىش جەھەتتىمۇ ئىنچىكىدۇر. ۋەھالەنكى، ئىسسىق بەلۋاغدا ياشىغۇچى
مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ كىيىم نۇسخىلىرى ۋە پاسونلىرى ھاۋانىڭ ئىللىقلىقى سەۋەبىدىن بىر-
قەدەر ئاددىي بولۇپ، تىكىلىشىمۇ ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس» ③. ئۇيغۇرلار سوغۇق بەلۋاغ ۋە مۆتىد-

① مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىي: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە - مارجانلار»، ئابدۇللاجان كېرىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى، ئۇيغۇرچە، 505 - بەت.

② مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، 3 - توم، 213 - بەت.

③ جاۋ پىڭ، لۇي يىخۇالار تۈزگەن: «كىيىم - كېچەك پسىخولوگىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، جۇڭگو توقۇمىچىلىق نەشرىياتى، 1995 - يىلى 9 - ئاي 1 - نەشرى، خەنزۇچە، 172 - بەت.

دىل بەلۋاغدا پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىۋى شارائىتتا ياشاپ كەلگەچكە، ناھايىتى قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا كىيىم - كېچەكلەرنىڭ شەكلى ۋە پاسونىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. مەيلى باش كىيىم بولسۇن ياكى ئاياغ كىيىم بولسۇن ۋە ياكى ئۇستىۋاش كىيىملىرى بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى قىشلىق كىيىملەر، يازلىق كىيىملەر ۋە ئەتىيازلىق - كۆزلۈك كىيىملەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىقى تۈرلەرگە مۇناسىپ ھالدا ھەرقايسى پەسىللىك كىيىملەرنىڭ ماتېرىيالى، رەڭگى، پاسونى مەلۇم جەھەتلەردە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. كەيىم - كېچەكلەرنىڭ پاسونىغا ئالاقىدار پەرھىزلەر كىيىم - كېچەكنىڭ تىكىلىش شەكلى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ئادەت ھادىسىسى بولۇپ، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاسونىغا ئالاقىدار تېخنىكىۋى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى نۇقتا كىيىمنىڭ بەدەننى يېپىش دەرىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەر بىلەن جىنس، ياش، كەسىپ پەرقىگە ئاساسەن شەكىللەنگەن كىيىم پاسونىغا ئائىت پەرھىزلىك ئادەتلەردۇر.

ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەدەننى تولۇق يېپىشنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ھەتتا ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچ كىيىنىشىنى ۋە سۈزۈك، نېپىز كىيىملەرنى كىيىشى قەتئىي چەكلەنگەن. نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇيغۇرلار كىيىمنى پۈتۈن، تولۇق كىيىشنى ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ھايانىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ قارىغان، شۇنداقلا ئاياللار يۈزىدىن ۋە قول ئالقىنىدىن باشقا جايلىرىنى تولۇق ياپىدىغان كىيىملەرنى، ئەرلەرمۇ بوينى ۋە پۇت ئالقىنىدىن باشقا جايلىرىنى تولۇق ياپىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ كەلگەن. ئەرلەرنىڭ كالتە ئىشتان بىلەن سىرتلاردا (ھەتتا ئۆي ئىچىدە) يۈرۈشى ئېغىر ئېبلىنىغادنىڭ ئۇستىگە، بۇ جەھەتتە ئاياللارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدەنىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى، ئەگرى سىزىقلار روشەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تار كىيىملەرنى، يوتا ياكى پاقالچەك ئېچىلىپ قالىدىغان قىسقا كىيىملەرنى، يەڭسىز كىيىملەرنى، مەيدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشى قاتتىق چەكلىنىپ كەلگەن. قىسقىسى، بەدەننى تولۇق ياپالمايدىغان ھەرقانداق پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىش ئاياللار ئۈچۈن پەرھىز سانالغان. مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلار كىيىم پاسونىنىڭ كەڭرەك، ئۇزۇنراق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ كىيىمى تولۇق بولۇشى تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ئەرلەرنىڭ كىيىمىنىڭ بەك ئۇزۇن بولماسلىقى بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا كىيىمنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۇنى كىيگۈچىدە پەخىرلىنىش ۋە چوڭچىلىق تۇيغۇسى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، مەيلى تون ياكى سىرتقىي كىيىملەر بولسۇن، ياكى ئىشتان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئوشۇقتىن ئاشماسلىقى تەلەپ قىلىنغان.

كىشىلەر جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ، قىلىدىغان كەسىپ - ئوقەتنىنىڭ، جىنسىنىڭ، ياش - قۇرامىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاسونى جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە جىنس پەرقى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن پەرھىزلەر ھەقىقەتەن كۆپ ۋە قاتتىق. ئۇيغۇرلار بالىلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپلا كىيىم - كېچەكنى ئەر - ئاياللىق جىنس ئايرىمىسى بويىچە پەرقلىق كىيىشنى ئۆگەتىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇر كىيىملىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ناھايىتى ئېنىق جىنس پەرقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق پەرقنى تەكىتلەش سەۋەبىدىن ئەرلەرنىڭ ئايالچە پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيىۋېلىشى ياكى ئاياللارنىڭ ئەرچە پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيىۋېلىشى جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىب-

لىشىگە ئۇچرايدۇ. كىيىم ـ كېچەكنىڭ پاسونى ئۇنىڭ ياقا ـ يەڭلىرىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى، تۈگمىسىنىڭ سانى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، پەش ھەم يانچۇقنىڭ شەكلى، بەل ـ كۆكرەكنىڭ كەڭ ـ تارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ياقىنىڭ يۇمىلاق، يەڭنىڭ تار بولۇشى، تۈگمىنىڭ چاپان ـ كۆڭلەكلەرنىڭ سول پېشىگە قادىلىشى، ئىزمىنىڭ ئوڭ پېشىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، يانچۇقنىڭ يانتۇ ھالەتتە كېسىلىشى، بەلنىڭ تارراق، كۆكرەك قىسمىنىڭ كەڭرەك بولۇشى، ئىشتاننىڭ ئالدىدا يېرىقچە بولماي ياندا بولۇشى ياكى بولماسلىقى... قاتارلىقلار ئاياللار كىيىملىرىنىڭ پاسون ئالاھىدىلىكلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئەكسىچىلىرى ئەرلەر كىيىملىرىنىڭ پاسون ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئەڭ ئاساسىي بەلگە ـ ئالامەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى كىيىم پاسوندىكى جىنس پەرقىگە ياتىدىغان پەرھىزلىك ھادىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى توي قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن بەدەن بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، يەنە كىيىم پاسونلىرىنىمۇ مەلۇم جەھەتلەردە ئۆزگەرتىدۇ. دېمەك، توي قىلمىغانلارنىڭ توي قىلغانلار كىيىدىغان كىيىملەرنىڭ پاسونلىرىنى تاللىشى ھەمدە توي قىلغانلارمۇ ئىلگىرىكى مەلۇم پاسوندىكى كىيىملىرىنى كىيىشى پەرھىزلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

**4. كىيىمنى كىيىشكە ئائىت پەرھىزلەر**

ئۇيغۇرلار كىيىم كىيىش جەھەتتىمۇ بەزى پەرھىزلىك قائىدىلەرگە رىئايە قىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، كىيىم كىيىشكە ئائىت پەرھىزلەرنىڭ كۆپ قىسمى خۇراپىي قاراش ئاساسىدا، ئاز بىر قىسمى بولسا دىنىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇرلار كىيىمنى ئوڭدىن باشلاپ كىيىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئومۇمەن ياخشى ئىشلارنى ئوڭدىن باشلاش كېرەك. بۇنداق چەكلىمىلەرنىڭ ئىسلامىي ئاساسى بار بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە كەش كىيگەندە ئوڭ پۇتىنىڭكىنى باشتا كىيىش، سالغاندا سول پۇتىنىڭكىنى ئالدىن سېلىش، باشقا كىيىملەرنى كىيگەندىمۇ ئوڭ تەرەپتىن باشلاش تەلەپ قىلىنغان[①]. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلاردا ھەرقانداق كىيىمنى سول تەرەپتىن باشلاپ كىيىش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بالىلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتقا ئاياغ كىيىش، چاپان، كۆڭلەك ۋە ئىشتانغا ئوڭ قول، ئوڭ پۇتنى سېپىش...نى ئۆگىتىدۇ؛ سول تەرەپتىن باشلاپ كىيسە «يامان بولىدۇ» دەپ، ئاشۇنداق كىيىش ئۇسۇلىدىن چەكلەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا كىيىم ـ كېچەكنى تەتۈر كىيىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان پەرھىزلىك ئادەتمۇ بار. ئەرلەر بۆكنى تەتۈر كىيمەيدۇ، ناۋادا بۇنداق قىلىپ سالسا، شۇ ئەر كۆپ خوتۇن ئېلىپ قالارمىش. ئاياللارمۇ ياغلىقلىرىنى تەتۈر سالمايدۇ. چاپان، ئىشتان، كۆڭلەك قاتارلىق ھەرقانداق كىيىمنى تەتۈر كىيىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلسا ئىشى تەتۈر ماڭىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئادەت بار: ئەگەر بىر كىشى كىيىمنى بىلمەستىن تەتۈر كىيىپ سالسا، ئۇنى شۇ جايدىلا ئۆرۈپ ئوڭ كىيىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى بۇنى ئۆزى تۇيماي سىرتلارغا چىققاندا باشقىلار ئارقىلىق بىلسە، كىيىمنى دەرھال ئوڭشىماس-

① [سۈرىيە] ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋىي: «رىيازۇسسالىھىين»(ياخشىلار باغچىسى)، لىۋان ئىلمىي كىتابلار نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى، ئەرەبچە نەشرى، 337 ـ بەت.

تىن، بەلكى تەتۈر ھالەتتە ئۇدا ئۈچ كۈن كىيگەندىن كېيىن ئاندىن ئوڭشىۋالىدۇ. بۇنداق قىلغاندا شۇ كىشىگە ئۈچ كۈن ئىچىدە ئامەت كېلەرمىش. يەنە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ باركى، پەقەت نېرۋىسىدىن ئاداشقان ياكى ئېغىر مۇسىبەتكە گىرىپتار بولغان كىشىلەرلا كىيىمنى تەتۈر كىيىش بىلەن قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. كىيىمنى تەتۈر كىيمەسلىك پەرھىزى تەتۈر لوگىكىلىق رەۋىشتە ئەنە شۇنداق مەجنۇنلۇققا ياكى ئېغىر قايغۇغا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان بىر تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش چارىسى بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار يەنە ئاياغنى يەكپاي ھالەتتە كىيىشتىن، چاپان - كۆڭلەكلەرنىڭ يېڭىنى ساپماي ياكى بىر يېڭىنى سېپىپ، بىر يېڭىنى ساپماي يۈرۈشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چاپان - كۆڭلەكنىڭ يېڭىنى ساپماسلىق جەسەتنى كېپەنلىگەنگە (شۇ سەۋەبتىن، خەلق تىلىدا كېپەن «ياقىسىز، يەڭسىز تون» مۇ دېيىلىدۇ) ياكى قولى يوق كىشىلەرنىڭ كىيىم كىيگىنىگە ئوخشىتىلىپ قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە «چاپاننىڭ يېڭىنى ساپماي يەتتە قەدەم ماڭسا يامان بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئاياغ كىيىمنى كىيىشتە، بىر پاي كەشنى كىيىپ، يەنە بىر پېيىنى كىيمەي مېڭىش قىسمەن يەرلەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە كەشنى كىيىشتىن بۇرۇن ياكى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، پاشنىسىغا ياكى تاپىنىغا قارىسا گاداي بولىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئاياغ كىيىپ باقمىغان ياكى نامراتلىق سەۋەبىدىن بىرەر جۈپ ئاياغقا تەستە ئېرىشىدىغان كىشىلەرلا ئاياغ كىيگەندە، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ شادلىق ھېس قىلىدۇ. ئوخشاشلىق قارىشى ئاساسىدا يۇقىرىقى پەرھىز ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققان. يېڭى كەشنى كىيىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ تاپىنىغا قارىسا بولمايدۇ، شۇنداق قىلىدىكەن، قارىغۇچىنىڭ يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالىدۇ. يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاياغنىڭ تاپىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا تۈكۈرۈۋېتىپ ئاندىن قاراش كېرەك دېيىلىدىغان بىر قىزىقارلىق ئادەتمۇ بار. ئىشتاننى ئۆرە تۇرۇپ كىيىش پەرھىز قىلىنىغاندىن باشقا، يەنە «ئىشتاننى ئۆرە تۇرۇپ قىبلە تام تەرەپكە قاراپ كىيسە، ئۆيگە ئوغرى كىرىدۇ» دەپ قارىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. بۇنداق بولۇشى ھەقىقەت بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ شۇ چەكلىمىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن توقۇلغان بىر ئەپسانىدۇر. ئۇيغۇرلار يەنە ياتقاندا چاپاننى ئۈستىگە يېپىشتا، بىر پەشنى باش تەرەپكە، يەنە بىر پەشنى ئاياغ تەرەپكە قىلىپ يېپىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق يېپىش ئۇسۇلى «غېرىبچىلاپ يېپىش» دېيىلىدۇ، يەنى غېرىب - مۇساپىرلار ئۆي - ماكانسىز بولغاچقا كوچىدىلا تۈنەيدۇ. يوتقان - كۆرپىسى يوق بولغاچقا، چاپىنىنى ئۈستىگە ئاشۇنداق ياپىدۇ. بۇ نام ئاشۇ تەسەۋۋۇردىن كېلىپ چىققان. دېمەك، كىمكى چاپاننى ئۈستىگە غېرىبچىلاپ ياپىدىكەن، ئۇنىڭ بالىلىرى غېرىبچىلىققا گىرىپتار بولارمىش. بۇمۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن قېلىپ قالغان «بىرەر يامان ئىش ياكى ھەرىكەتكە تەقلىد قىلىنغان ئىش ياكى ھەرىكەتتىن ئوخشاشلا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ» دەپ قارىلىدىغان ئوخشاشلىق قارىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئۇيغۇرلار كىيىم كىيىشتە كىيىدىغان كىيىمنىڭ سانى جەھەتتىمۇ بەزى پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، خەلق ئارىسىدا بىر ئادەمنىڭ بىر خىل كىيىمى ئۈچ قۇردىن ئاشسا بولمايدۇ، دەيدىغان گەپ بار. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشىلەر بىر خىل كىيىمنى ئۈچ قۇردىن ئاشۇرمايدۇ. ناۋادا ئۈچ قۇردىن ئاشسا، شۇ ھامان ھەر ئۈچ قۇر كىيىمگە بىر قۇر كىيىم زاكات كېلىدۇ دەپ قاراپ، بىر قۇرىنى يېتىم - يېسىر ۋە كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلىدۇ. بۇ ئەمەل-

يەتتە ناھايىتى ياخشى ئەھۋالدۇر. چۈنكى، كىيىم - كېچەك تېز خورايدىغان ئىقتىسادقا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىيىشى ئائىلە ئىقتىسادىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي پەرقنى چوڭايتىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، كىيىم - كېچەكنى ئاشۇرماسلىق ۋە ئاشقان قىسمىنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىۋېتىش — ئەڭ ئۇنۇملۇك خەير - ساخاۋەتتۇر. ئۇيغۇرلاردا يەنە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىشتان كىيىش، ئاياللار قوش ياغلىق سېلىش پەرھىز قىلىنىدۇ، قوش ئىشتان كىيسە ئەرلەر قوش خوتۇنلۇق بولۇپ قالىدۇ، دەيدىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئوخشاشلىق تەپەككۇرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇ پەرھىزلەرگە مەلۇم دەرىجىدە ئېستېتىك ئۆلچەملەرمۇ سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، قوش كىيىم كىيىش ياكى بىر خىل كىيىمنى ئۈستى - ئۈستىلەپ كىيىش ئاللىقانداقتۇر «تاپقاننى ئۇچىسىغا ئارتىۋالىدىغان» مۇساپىر ياكى تىلەمچىلەرگە خاس ئىشتەك تەسەۋۋۇر قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار كىيىم سېلىشتىمۇ مەلۇم قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. ئالدىنقى سەھىپىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئىسلام دىنىدا كىيىمنى ئوڭدىن باشلاپ كىيىش ۋە سولدىن باشلاپ سېلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، كىيىم سالغاندا ئوڭدىن باشلاپ سېلىش پەرھىزلىك ھەركەتتۇر. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يەنە كىيىمنى سالغاندا تەتۈر ئۆرۈپ سېلىشمۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىيىمنى تەتۈر ئۆرۈپ سالغان كىشىنىڭ كىشىلەر بىلىپ قالمىسۇن دېگەن مەخپىيەتلىكى ئاشكارا بولۇپ قالارمىش. بۇ خىل قاراشتىمۇ ئوخشاشلا ھېسسىي تەسىر تەپەككۇرىدىكى «ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى» رول ئوينىغان، خالاس.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئۇيغۇر ئەر - ئاياللىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشمىغان باش كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن. مەيلى ئەنئەنە تۈپەيلىدىن بولسۇن ياكى دىنىي ئەقىدە تۈپەيلىدىن بولسۇن، يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئۇيغۇرلار بېشىغا بىرنەرسە كىيمەي يۇرۇشنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى، بولۇپمۇ بۇ چەكلىمە ئاياللارغا نىسبەتەن ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، «بېشىغا نەرسە ئارتمىغان ئايال بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، ئۆيدە قۇت - بەرىكەت بولمايدۇ» دېگەن قاراش ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ھازىرقى دەۋردە قىسمەن كىشىلەر ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىدىن ۋاز كېچىپ، يالاڭۋاش ھالەتتە يۇرۇشكە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق بىر كىشى ئۆلۈم - يېتىم ۋە نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىغا باش كىيىم كىيمەي بارمايدۇ. ئاممىۋى سورۇنلارغا باش كىيىم كىيمەي بېرىش ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار باش كىيىمنى باشقا كىيىملەرگە قارىغاندا، بەكرەك ئۇلۇغلايدۇ. بۇنداق ئۇلۇغلاش قارىشى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن باشنى مۇقەددەس بىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا، ئۇيغۇرلار باش كىيىملىرىنى ئېگىز جايلارغا قويىدۇ، ئۇلارنى يەرگە تاشلاپ قويۇشتىن، دەسسەپ سېلىشنى، باشقىلارنىڭ باش كىيىمى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇشنى، تەتۈر ئۆرۈپ كىيىشنى پەرھىز قىلىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر «بۆك ۋە تۇماقلارنىڭ قىرىنى قاتلاپ كىيسە، قوش خوتۇنلۇق بولۇپ قالىدۇ» دەپ قاراپ، باش كىيىمنى ئاشۇنداق كىيىش ئۇسۇلىدىنمۇ ئۆزىنى تارتىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار باش كىيىمگە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى بەك ئەتىۋارلايدۇ.

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يېڭى كىيىم — يېڭى بەختتۇر، يېڭى بەرىكەتتۇر. كىيىمگە ئىقتىساد، ئىسسىنىش ۋە بەدەننى قوغداش نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئېستېتىكا ۋە بەخت - قۇت چۈشەنچىلىرى نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىسىدۇر.

ئۇيغۇرلار يېڭى كىيىم كىيىشتە مەلۇم كۈنلەرنى خەيرلىك كۈن ۋە مەلۇم كۈنلەرنى نەس كۈن دەپ قاراپ، نەس كۈنلەردە كىيىم كىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «دۈشەنبە كۈنى يېڭى كىيىم كىيسە قايغۇغا گىرىپتار بولىدۇ، سەيشەنبە كۈنى يېڭى كىيىم كىيسە، شۇ كىيىم يىرتىلغاق بولۇپ قالىدۇ» دېگەن قاراش بار. شۇڭا، يېڭى كىيىمنى شۇ كۈنلەردىن باشقا كۈنلەردە كىيىدۇ. بۇ قاراش ئۇيغۇرلاردا خېلى ئۇزاق تارىختا ئىگە. مەسىلەن، 18 ـ ئەسىردە ياشىغان قاراقاشلىق ئالىم مۇھەممەد ئەۋەز قاراقاشىنىڭ «مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام» ① ناملىق كىتابىنىڭ «ئېگىن كىيمەكلىك ھەققىدە» دېگەن بۆلىكىدە مۇنداق بايانلار خاتىرىلەنگەن:

«كىيمە شەنبە يېڭى ئېگىن زىنھار،
كىيسەڭ ئەلۋەتتە بولغايسەن بىمار.
كىيسە يەكشەنبە نەگاھ يېڭى ئېگىن،
شۇنى بىلگىل پات ئوغرىغاي لېكىن.
جامە دۈشەنبە كىيگەن ئول بىباك،
ماتەم ئولغاي يەقاسىن ئەتكەي چاك.
كىمكى سەيشەنبە يېڭى جامە كىيەر،
بولسا گەر سۇ ئىچىدە ئوتغە كۆيەر.
چاھارشەنبە كىيەرغە راغىب بول،
ئېگىن ئۈستۈن ئېگىنكى تالىب بول.
پەيشەنبە كىيگىكى زىبادۇر،
قەددىڭىزگە بەمىسلى زىيادۇر.
جۈمەدە سۈننەت ئولدى نەۋ جامە،
خاھى تاقىيۇ خاھى ئەمامە».

ھازىرغىچە يۇقىرىقىدەك قاراشلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەر يېڭى كىيىمنى پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنىدىن باشقا كۈنلەردە كىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ، شۇنداقلا «پەيشەنبە كۈنى يېڭى كىيىم كىيسە، دۈشمىنىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ»، «جۈمە كۈنى يېڭى كىيىم كىيسە ساۋاب بولىدۇ، شۇ كىيىمگە زاكات كەلمەيدۇ» دەپ قاراپ، مەزكۇر كۈنلەردە يېڭى كىيىم كىيىشنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە يېڭى كىيىمنى ئۆلۈم مەرىكىلىرىگە كىيىپ بارمايدۇ. شۇنداق قىلسا، شۇ كىيىم ئۆلۈم مۇراسىملىرىدىلا كىيىشكە پۈتۈلۈپ كېتەرمىش. ئەمەلىيەتتە ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئۆلۈم مەرىكىسىگە يېڭى كىيىم كىيىپ بارماسلىق بەلكىم يېڭى كىيىم كىيگەندىكى خۇشاللىق تۇيغۇسىنىڭ ئۆلۈمنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتىغا ماس كەلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشى يېڭى كىيىم كىيگەن ھامان باشقىلار كىيىمنى مۇ-

① «مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام»، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان نۇسخا، ئۇيغۇرچە، 1995 ـ يىلى، 85 ـ بەت.

بارەكلىشىدۇ، ئەمما يېڭى ئاياغ كىيگەندە مۇبارەكلىمەيدۇ. بۇنداق بولۇشى ئاياغ تەرەپنىڭ ئۇلۇغلانمايدىغانلىقى ۋە ئاياغنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ناپاك دەپ قارىلىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشى يېڭى كىيىم كىيگەندە، ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىسى ھايات كىشىلەرنى مۇبارەكلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ ياكى شۇنداق كىشىلەر ئالدىن مۇبارەكلەيدۇ، ئاندىن ئاتا - ئانىسىدىن بىرەرسى ياكى ھەر ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر مۇبارەكلەيدۇ، ھەرگىزمۇ تۇنجى بولۇپ يېتىملەر مۇبارەكلىمەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېڭى كىيىمنى تۇنجى بولۇپ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر مۇبارەكلىسە، شۇ كىيىمنى كىيگۈچىنىڭ كىيىمى قوش بولمايمىش. بۇ ئەمەلىيەتتە ئوخشاشلىق قارىشىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر ئادەتتۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك كىيىش ئۇسۇلىغا ئائىت خاراكتېرلىك پەرھىزلەردۇر. ئەمەلىيەتتە بۇلاردىن سىرت كىيىم - كېچەكلەرنى قانداق ماسلاشتۇرۇپ كىيىش (رەڭ، پاسون، پاكىزلىق، تەرتىپ جەھەتلەردە)، قانداق سورۇندا قانداق كىيىم كىيىش ··· كە ئائىت بىر قىسىم چەكلىمىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ساپ ئادەت ياكى ئىستېتىك قاراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان چەكلىمىلەر بولغاچقا، ئۇلارنى ئەنئەنىۋى پەرھىز ئادەتلىرى ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتۇر.

### 5. كىيىم تىكىشكە ئائىت پەرھىزلەر

تىككۈچىلىك — كىيىم - كېچەك ياساش كەسپىدۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ سوغۇقتىن، تەبىئىي خەتەرلەردىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە بەدەننىڭ ھەممە يېرىنى ئوراش ۋە گۈزەللىك ئېھتىياجلىرى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن. تىككۈچىلىك ھۈنىرى ۋە ماھارىتى كىيىم - كېچەكنىڭ پاسونىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئۇنىڭ كەسپلىشىشى ئىنسانلارنىڭ كىيىمنى ساپ تەبىئىي مەقسەتلەر ئۈچۈنلا كىيىشىدەك تەلەپىدىن زور دەرىجىدە ھالقىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تىككۈچىلىككە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە يارىشا، يۇقىرى سەۋىيىلىك تىككۈچىلىك ماھارىتى ۋە ھۈنەر سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تىككۈچىلىككە دائىر بىر قىسىم پەرھىزلىك ئادەتلەرمۇ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ «تىككۈچىلىك رىسالىسى» دە تىككۈچىلىكنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى، ئىش تەرتىپلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ كەسپنىڭ رىسالىلىك بولۇشى ئۇنىڭ خەلق نەزىرىدە مۇھىم ھۈنەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار كىيىم پىچىشتا ۋە تىكىشتە بىرقاتار ئىرىملىك قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ بىرى كىيىم پىچىش ۋە تىكىشتە كۈن تاللاشتۇر. خەلق ئارىسىدا سەيشەنبە كۈنى، جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە شەنبە كۈنى كىيىم پىچسا، شۇ كىيىم دەزمال سالغۇچە كۆيۈپ كېتىدۇ ياكى يىتۇپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، ئاشۇ چاغلاردا كىيىم پىچىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. «سالنامە» دە يېزىلىشىچە، ئاينىڭ تۆتىنچى ۋە ئون تۆتىنچى كۈنلىرى كىيىم پىچسا خەيرلىك بولمايدىكەن. ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرىدە كىيىم پىچسا خەيرلىك ياكى نەسلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار يەنە «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىمۇ خاتىرىلەنگەن. شۇ ئە-

سەرنىڭ «ئېگىن كەسمەسلىك ھەققىدە» دېگەن بۆلىكىدە مۇنداق يېزىلىدۇ:

«كىشىكىم كەسسە ئېگىن روزى شەنبى،
بولۇر بىمار ئۇغراغۇنچە تەنى.
ۋە گەر يەكشەنبىدە كەسسە بىناگاھ،
قالۇر غەمگە، ياراشماس، بولسۇن ئاگاھ.
كى دۈشەنبە مۇبارەك كەسسە ئېگىن،
كى خۇشھال بولغاسەن، بولماسسە غەمگىن.
ۋە گەر سەيشەنبە كەسسە نەۋ سەرۇپاي،
كى ئوغرى ئالغايۇ يا سۇغا ئاققاي.
ئەگەر چەھارشەنبە كەسسە خوب بىسيار،
تەۋانگەر بولغاسەن يەئنى زەردار.
كى ئالىم بولسا پەيشەنبە كەسسە،
بولۇر ئىلمى زىيادە، مۇنى بىلسە.
ئەگەر ئازنى كەسسە ئېگىن خوپ،
بولۇر ئۆمرى دەرازۇ دەۋلەتى كۆپ».

يۇقىرىدىكى نەزمىدە بايان قىلىنغاندەك قاراشلار خەلق ئارىسىدىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئۇ ئادەت-
لەرنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پەيدا بولۇپ قالغان قۇرۇق گەپ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇي-
غۇرلار يەنە ئىككى ھېيت كۈنلىرى كىيىم پىچىش – تىكىشنى پەرھىز قىلىدۇ؛ بۇنداق قىلىش-
نى شۇ كۈنلەرگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىككى ھېيت كۈنلىرىدە
ياخشى ئەمگەكلەرنىمۇ قىلىشقا بولمايدۇ؟ چۈنكى، بۇ كۈنلەردە ئەمگەك قىلىش خەلق نەزىرىدە
تويمىغۇرلۇقنىڭ، ھېيت ھۆرمىتىنى ساقلىماي ئىشلەۋېرىشنىڭ، كىشىلەر ئارا خۇشال كەيپىياتقا
باقماسلىقنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

ئۇيغۇر تىككۈچىلىرى جونۇپ ھالىتىدە كىيىم پىچىش – تىكىشتىن پەرھىز قىلغاندىن باش-
قا، يەنە دۇكان ئىچىنى ناپاك تۇتۇش، تازىلىماسلىق، دۇكان ئىچىدە ناشايان ئىشلارنى، ناشايان
گەپلەرنى قىلىشنىمۇ چەكلەيدۇ. خېرىدار ئېلىپ كىرگەن رەختلەرنى ئۆلچەپ ئېلىپ قالغاندىن
كېيىن، كىيىمنى ۋاقتىدا پۈتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ ھەم بۇ جەرياندا رەختلەردىن قېپقېلىشىلىغەن
پۇرۇچلارنى ۋە يىپلارنى ئىسراپ قىلمايدۇ. كىيىمنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بولسا، ئېشىپ
قالغان رەخت پارچىلىرىنى ۋە چوڭراق پۇرۇچلارنى كىيىم ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەرگىز-
مۇ سەل چاغلاپ ئېلىپ قالمايدۇ. بۇ ھەقتە «تىككۈچىلىك رىسالىسى» دە «ھەر كاسىپ... كىشى-
نىڭ بىر تال يىپ، بىر گەز رەختى چاغلىق نەرسىسىگە خىيانەت قىلسا، قىيامەت كۈنى پىر –
ئۇستازلار نارازى بولىدۇ، بۇ دۇنيادىمۇ ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا
تىككۈچىلەر ۋە شاگىرتلار كىچىك لاتا پۇرۇچلىرىنى قالايمىقان تاشلاشتىن، ھاجەتخانىغا تاشلاش-
تىن، كۆيدۈرۈشتىن، ئۇستىگە چوڭ – كىچىك تەرەت قىلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇنداق نەر-
سىلەرنى ئاساسەن يەرگە كۆمۈۋېتىش لازىم دېيىلىدۇ. ئومۇمەن، بۇ پەرھىزلەر خۇراپىي بولسىمۇ،
ئەمما توپ مەقسەت يەنىلا تىجارەتنىڭ روناق تېپىشى، خېرىدارنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت.

**6. كىيىمنى يۇيۇش ۋە قۇيۇشقا ئائىت پەرھىزلەر**

كىيىمنى بىر مەزگىل كىيگەندىن كېيىن كىرلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يۇيۇشقا توغرا

كېلىدۇ. بۇ گەرچە ناھايىتى ئاددىي ئىش بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر نەزىرىدە خېلى كۈچلۈك ئادەت تۈسىنى ئالغان بىر پائالىيەتتۇر. جۈملىدىن ئۇيغۇرلار كىيىمنى يۇيۇشتا مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم تەرتىپ جەھەتتىكى پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىدۇ.

ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلاردا كىيىم - كېچەكنى يۇيۇشتا مەلۇم كۈننى تاللاپ ئاندىن يۇيىدىغان، مەلۇم كۈنلەردىن بولسا پەرھىز قىلىدىغان ئادەتلەر بولغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرى شەنبە، يەكشەنبە، دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرىدە كىر يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ ھەقتە «مەجمۇئەتول-ئەھكام» دىمۇ «ئېگىن يۇماقلىق ھەققىدە» مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان:

«گەر ئېگىن يۇسە ئازىنە كۈنى،
ياخشىلىق كۆرگەي ئول كۈن - تۈنى.
شەنبە ئېگىن يۇماقنى خوب دېمە،
غەم قايغۇنى بىھۇدە يېمە.
يۇما يەكشەنبە بولسا ئېگىن كىر،
ئەر - خوتۇن بولغاسە ئەجەب دىلگىر.
دۈشەنبە ئېگىن يۇيماڭ زىنھار،
يۇيساڭ ئەلۋەتتە بولغايسەن بىمار.
كىم سەيشەنبە يۇسا دەۋا بولغاي،
بىسەبەب ھاجەتى رەۋا بولغاي.
چاھارشەنبە كىشى ئېگىن يۇدى،
ئالايۇ ساتسە كۆپ كۆرەر سۇدى.
پەيشەنبە يۇيماڭ ئېگىن زىنھار،
مالىڭىزغە زىيان بولۇر بىسيار».

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كىيىم يۇيۇشقا ئائىت پەرھىزلىك كۈنلەر ھەققىدىكى قىسمەن سارقىندى ئادەتلەر بىلەن يۇقىرىقى بايانلاردىكى مەزمۇن مەلۇم دەرىجىدە ئىزچىللىققا ئىگە. ئۇيغۇرلاردا يەنە «سەيشەنبە كۈنى كىر يۇيسا بەخت - ئامەت كېلىدۇ، بۇ كۈندە ھېچبولمىغاندا قولياغلىق چاغلىق نەرسە بولسىمۇ يۇيۇش لازىم» دېگەن قاراش ۋە شۇنداق ئادەت بار. نۇرغۇن كىشىلەر (مۇشۇ ئادەت بويىچە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر) نېمە ئۈچۈن بەزى كۈنلەردە كىر يۇيسا بولمايدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن بەزى كۈنلەردە كىر يۇيسا بەخت - ئامەت كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ياكى سۈرۈشتۈرمەيدۇ. بىزنىڭچە، ئەھۋال مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: سەيشەنبە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن نەس كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە ناۋادا بەدەننىڭ كىرىنى ئېرىغدايدىغان ياخشى ئىش قىلىنمىدىكەن، ئەلۋەتتە مۇشۇ كۈندىن كېلىدىغان نەسلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن قارىغاندا، قەدىمكى ساددا ئاسترونومىيىلىك قاراشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن يۇقىرىقىدەك كۈنلەرنىڭ خەيرلىك ياكى نەسلىكى بويىچە مەلۇم ئىشلارنى قىلىش ياكى ئۇلاردىن چەكلىنىش ئادىتىنىڭ كۆپ ئىلمىي ئاساسى بولمىسا كېرەك.

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر ئەرلىرى كىر يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ، كىرنى ئاياللارلا يۇيىدۇ، بۇ ئەڭ قاتتىق جىنسىي پەرقىنى تەكىتلەيدىغان پەرھىز بولۇپ، ئەرلەردىن كىمىكى كىر يۇيىدىكەن، ئۇ «ئايال خەقنىڭ ئىشىنىپ

كەلمەكتە. كىر يۇيۇش پەرھىزلىرى ئىچىدە يەنە ئەرلەرنىڭ كىيىمى بىلەن ئاياللارنىڭكىنى قىلغانلىق»ى سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان. كىر ئالغۇ بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى دەۋردە شەھەرلەردە ئەرلەرنىڭ كىر - قات يۇيىدىغان ئىشلارغا ياردەملىشىشى ئادەتتىكى ئىش سانىلىۋاتقان بولسىمۇ، يېزا - قىشلاقلاردىكى ئەرلەر يەنىلا بۇ ئىشتىن چەكلى كىيىمنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇيۇشتىن ياكى ئاياللارنىڭ كىيىمى يۇيۇلغان سۇدا ئەرلەرنىڭ كىيىمىنى يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادىتىمۇ بار. بۇ پەرھىزلەر ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغۇچىلار ياكى ئوغۇل - قىز قېرىنداشلارنىڭ كىيىمى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ئۈنۈمگە ئىگە. يەنە ئاياللار كىر يۇغاندا يېمەكلىك يەۋېتىپ يۇيۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا، ئاياللار بوشىنىۋاتقاندا، تولغىقى بىلەن چوڭ تەرىتى بىللە كېلىۋېلىپ، قىيىنچىلىق تارتىدۇ دەپ جورۇلىدۇ. بۇ ساغلاملىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان پەرھىز بولسىمۇ، ئەمما قويۇق خۇراپىي تۈس ئىچىگە يوشۇرۇنغان. مۇشۇنداق قىلىش بەلكىم نۇرغۇن تەجرىبىۋى پەرھىزلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار يەنە كىيىم يۇيغان يۇندىنى خالىغان جايغا تۆكمەيدۇ، يۇندى تۆكۈلگەن جايلارغا دەسسىمەيدۇ. يۇندىنى ئەڭ ناپاك نەرسە دەپ قاراپ چوڭقۇر ئازگاللارغا ياكى چەت جايلارغا تۆكىدۇ. مەيلى كىر يۇيۇشتىكى ۋاقىت پەرھىزلىرى بولسۇن ياكى يۇندىنى تۆكۈشكە ئالاقىدار پەرھىزلەر بولسۇن، ھەممىسىدە تەننى ئۇلۇغلاش، كىيىم ۋە ئۇنىڭدىن چىققان كىر بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت دەپ قاراشتەك ئىشەنچ يوشۇرۇنغان. ئۇيغۇرلار كىيىملەرنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، يېيىپ قۇرۇتۇشتىمۇ مەلۇم پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى ھايا ۋە ئەدەپنى ساقلاش يۈزىسىدىن كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىغان جايلارغا يايمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىيىم - كېچەكنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن تەتۈر يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا يۇيۇلغان كىيىمنى تەتۈر يايسا، شۇنداق قىلغان كىشىنىڭ ئىشلىرى تەتۈرگە ماڭارمىش. يەكەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئەرلەرنىڭ كىيىملىرىنى، بولۇپمۇ كۆڭلەك، چاپانلىرىنى يۇيغاندىن كېيىن، ياقا تەرىپىنى پەسكە، پەش قىسمىنى ئۈستىگە قارىتىپ يېيىشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇنداق قىلسا شۇ كىيىمنى كىيگەن ئەر خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالارمىش. يەنە شۇنداق پەرھىزمۇ باركى، ناۋادا ئاياللارنىڭ ئىشتىنى يۇيۇلۇپ بىرەر جايغا يېيىلغان بولسا، ئەرلەر ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈشتىن چەكلىنىدۇ. جىنسىي ئەزا تېگىپ تۇرىدىغان ئىشتان، كالتە ئىشتانلارمۇ ناپاك دەپ قارىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەرلەر ئاياللارنىڭ كالتە - ئۇزۇن ئىشتانلىرى ئاستىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا بۇلارنىڭ ناپاكلىقى دەخلى قىلىدۇ، دېگەن قاراش ئاساسىدا مۇشۇنداق پەرھىزلىك ئادەتلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

ئۇيغۇرلار كىچىك باللارنىڭ كىيىمىنى يۇيغاندىن كېيىن، پۇتاقلىق دەرەخلەر (تىكەنلىكى كۆپ، چاتقال تىپىدىكى دەرەخلەر) گە يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا شۇنداق قىلسا، بالىنىڭ كىيىمى يىرتىلغاق (ئاسان يىرتىلىدىغان) بولۇپ قالىدۇ، دەپ جورۇلىدۇ. بۇ پەرھىزنىڭ پرىنسىپىمۇ يۇقىرىقىلارنىڭكىگە ئوخشاشتۇر. كىچىك باللارنىڭ، بولۇپمۇ بوۋاقلارنىڭ كىيىمى يۇيۇلۇپ، سىرتلارغا يېيىپ قويۇلغاندا، زاۋال پەيتلىرىدە يىغىپ ئەكىرىۋېلىنىدۇ، ھەرگىز سىرتتا قالدۇرۇلمايدۇ. ناۋادا سىرتتا قالدىكەن، ئۇنىڭغا جىن - شاياتۇنلار چېپىلىپ، بۇنى بالا كىيگەندە ئۇمۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە كىيىم يۇيۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇماستىنلا كىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا، كىيگۈچىنىڭ نىكاھى سۇسلىشىپ كېتىدۇ ياكى ئۇنىڭغا قېينانىسى ئۆچ بولۇپ قالىدۇ، دەپ قاراپ، ئاشۇنداق ئىشتىن چەكلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھۆل كىيىمنى كىيسە بەدەنگە سوغۇق ئۆتىدۇ، كىيگۈچى بىئارام بولى-

دۇ، ئېغىر بولغاندا كېسەل بولىدۇ. «نىكاھى سۇسلىشىپ كېتىدۇ ياكى قېيىنئانىسى ئۆچ بولۇپ قالىدۇ» دېگەنى ئەمەلىيەتتە ئاشۇ تەجرىبە ئارقىسىدىكى خۇراپات تۇسىنى ئالغان بىر خىل ھەيۋە ياكى ھەيدەكچىلىكتۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پەرھىزلەر كىيىمنى قويۇش جەھەتتە، كىيىمنى مۇۋاپىق بولمىغان ۋاقىتتا مۇۋاپىق بولمىغان ئورۇنغا قويماسلىق شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان يۇيۇلغان كىيىملەرنى ئېسىش ھەققىدىكى پەرھىزلەرمۇ مەلۇم جەھەتتىن كىيىمنى قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك پەرھىزلەردۇر. ئۇيغۇرلار كىيىمنى سالغاندىن كېيىن، ئومۇمەن تەتۈر قويمايدۇ، يەنى ئاياغنى دۈم قويمايدۇ، چاپاننى دۈم ئاسمايدۇ، تەتۈر قاتلىمايدۇ، تەتۈر يېپىنمايدۇ. يۇقىرىقىدەك قىلغان ئادەمنىڭ ئىشى تەتۈرگە ماڭىدۇ، دەپ جورىلىدۇ. ئۇيغۇرلار باش كىيىمنى ئۇلۇغلاپ ئۇنى پۇت تەرەپكە، پەسكە ياكى دەسسىلىپ كېتىدىغان جايلارغا قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، بەلكى ياتاردا بولسۇن ياكى پەسىل ئالمىشىپ باشقا بىر باش كىيىم كىيىشكە توغرا كەلسۇن، ئۇنى ئېگىز جايلارغا ئېسىپ قويىدۇ. ئۇلۇغلىنىش دەرىجىسى جەھەتتە باش كىيىمدىن قالسا چاپان - كۆڭلەكلەر تۇرىدۇ. بۇ كىيىملەرنى قويۇش جەھەتتە ئالاھىدە پەرھىزلەر يوق، بۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا مەۋقەگە قويۇلغان كىيىملەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بەلدىن تۆۋەن تەرەپكە كىيىلىدىغان كىيىملەر ناپاك ياكى پەس دەپ قارالغاچقا، ئۇلارنى قويۇش جەھەتتە مۇنداق پەرھىزلەر بار: مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئاياغ كىيىمنى ۋە پايپاقنى باش تەرەپكە قويمايدۇ ياكى ئېسىپ قويمايدۇ. مۇشۇنداق قىلسا دۈشمىنى باشقا چىقىۋالىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىشتاننى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنى باشقا ياكى باش تەرەپكە قويۇپ يېتىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ھەرقانداق كىيىمنى ياقىسىدىن ئېسىپ قويماستىن، بەلكى ئۆيىنىڭ بىر بۆلۈكىگە توغرىسىغا كالتەك (ئاسقۇ) بېكىتىپ ئارتىلدۇرۇپ قوياتتى. بۇ پەرھىز بەلكىم كىيىم ئاشۇنداق كىيگەن ھالەتتە ئېسىلغاندا، ئىگىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىچى قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىدەك بىر ھالەتنى ئەسلىتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا ئەر - ئاياللارنىڭ كىيىمنى بىر يەرگە قويۇشتىن ياكى ئەرلەرنىڭ كىيىمنى ئاياللارنىڭ كىيىمىنىڭ ئاستىغا قويۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەتمۇ بىرقەدەر كۈچلۈك. ئۇيغۇرلا يەنە كەش (ئاياغ كىيىم) لەرنى دۈم قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا كەش دۈم بولۇپ قالغان بولسا، ئۇڭدىسىغا قىلىپ قويىدۇ. كەشنىڭ دۈم بولۇپ قېلىشى باشقىلارنىڭ كەش ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ جورۇلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار كىيىمگە تۈگمە قاداش جەھەتتە مەلۇم پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. تۈگمە كىيىم ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان تۈگۈن پەيدا قىلىدىغان ۋە كىيىمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان بۆلەكتۇر. توقۇناق، تۈگۈن ۋە ھالقىلارنى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا يېشىۋېتىش، بۇزۇۋېتىش ۋە ئېلىۋېتىش دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق ئادەتتۇر. تۈگمە ۋە تۈگۈنچەكلەردىن پەيدا بولغان توسۇق ۋە يېپىق ھالەتلەرنى رېئال تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا تەدبىقلاپ، ئوخشاشلىق ياكى تەسىر سېھىرگەرلىكى بويىچە چۈشىنىش شۇ خىلدىكى بارلىق پەرھىزلەرنىڭ پىكىر ئاساسىدۇر. بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلاردا كىيىمنى كىيمەي قويۇپ قويغاندا، تۈگمىسىنى ئېتىپ قويۇشتىن پەرھىز قىلىدىغان پەرھىزلىك ئادەت ساقلىنىپ قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناۋادا شۇنداق قىلىنىدىكەن، شۇ كىشىنىڭ يولى راۋان بولمايدىكەن.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئۇيغۇرلار كىر كىيىملەر بىلەن پاكىز كىيىملەرنى بىر جايغا قويۇشتىن، كىيىملەرنى بۇلغانغان ۋە پاسكىنا جايلارغا قويۇشتىن، چوڭ ئادەملەرنىڭ كىيىملىرى بىلەن بوۋاقلارنىڭ كىيىمىنى بىر يەرگە قويۇشتىن، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ كىيىملىرى بىلەن ھايات ئادەملەرنىڭ كىيىملىرىنى بىر يەرگە قويۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىسى ساغلاملىق ۋە پاكىزلىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەجرىبە تىپىدىكى چەكلىمىلەر، خالاس.

### 7. كىيىمنى ياماشقا ئائىت پەرھىزلەر

كىيىم يىرتىلغاندىن كېيىن ئۇنى ياماشقا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ يوشۇرۇشقا تېگىشلىك بەدەن ئەزالىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان قىسمى يىرتىلىپ كەتسە، شۇ ھامان ياماش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يىرتىلغان كىيىمنى ياماشقا ئائىت بىرقىسىم پەرھىزلىك ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «چاپان ـ كۆڭلەكنىڭ مۈرە قىسمى يىرتىلىپ كەتسە، ئىگىسى قەرزدار بولۇپ قالىدۇ» دېگەن خۇراپىي قاراش مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە، چاپان ـ كۆڭلەكنىڭ مۈرە قىسمىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشى كۆپىنچە ھاللاردا مۈرىدە كۆپ نەرسە كۆتۈرۈش ياكى زىيادە ئېغىر ئەمگەك قىلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. مۇشۇ نەتىجە ـ سەۋەب تۈپەيلى، كىيىمنىڭ مۈرە قىسمىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشى پەرھىز قىلىنغان. ئۇيغۇرلار يىرتىلغان كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ ياماشتىن پەرھىز قىلىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا، يامغۇچى قۇرۇق تۆھمەتكە قالارمىش. بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كىيىمنى ياماتقۇچى ئېغىزىغا بىر تال ياغاچنى چىشلىۋالسا ساۋاب بولارمىش. ئەمەلىيەتتە كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ يامىغاندا، ياماقنى ياخشى سالغىلى ۋە يىڭنىنىڭ بەدەنگە سانجىلىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ پەرھىز تەجرىبە تىپىدىكى چەكلىمە بولسىمۇ، نەتىجىسى ئويدۇرمىدۇر. ئۇيغۇرلار يەنە بالىلارنىڭ كىيىمىنىڭ يىرتىقىنى يامىغاندا، ناۋادا كىيىمنى كىيدۈرۈپ تۇرۇپ ياماشقا توغرا كەلسە، بالىلارنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ يامىمايدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا، بالا بىتەلەي بولۇپ قالىدۇ، دەپ جورۇيدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىلار ئەقلى توشمىغانلىقتىن كىيىمىنىڭ يىرتىقىنى ياماۋاتقاندا، كۆپ ھەرىكەت قىلىپ، ياماق سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشى ۋە بەدىنىگە يىڭنە سانجىلىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان پەرھىزدۇر.

خۇلاسە تەرىقىسىدە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەككە ئائىت پەرھىزلىرى يۇقىرىقىدەك بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلاردىن باشقا بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلەر بوۋاقلارنىڭ كىيىم ـ كېچىكىدە، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرىدىكى مۇراسىم كىيىملىرىدە مۇلاھىزە قىلىنغان پەرھىزلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرقى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇۋاتىدۇ ۋە بەدەننى يالىڭاچ قويماسلىقتا دائىر ئادەتلەردىمۇ كەڭ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى ناھايىتى رەڭگارەڭ بولۇپ، يۇقىرىقىلار پەقەت ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ساپ پەرھىزلىك ئادەت كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان مەنىۋى قىسمىدۇر. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ۋەقان چەكلىمىلەردۇر. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىكى پەرھىزلەر ھەققىدە ماتېرىياللار يېتەرسىز بولغاچقا، ئىلگىرىكى پەرھىزلەر توغرىسىدا توختىلىش ئاساسەن مۇمكىن بولمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى دەۋر ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك پەرھىزلىرى، ھەتتا پۈتۈن كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى جىددىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان مەزگىل بولۇپ، كىيىم ـ كېچەككە ئالاقىدار نۇرغۇن پەرھىزلەر تەدرىجىي يوقالماقتا. بۇمۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئادىتىگە ئېلىپ كەلگەن بىر زەربىسى بولسا كېرەك.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

# ئەپلاتون بىلەن ئەرەستۇنىڭ ھېكايىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللاھ نۇر

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى ئىسكەندەرنىڭ ئالىي بارگاھىغا ئەپلاتون، ئەرەستۇ، سوقرات، بۇقرات، ئەرشمەند ۋە رەمۇن قاتارلىق يەتمىشتىن ئارتۇق ھەكىم - دانىشمەن يىغىلدى. بۇ چاغدا ئەرەستۇ ھەكىمنىڭ تەبىئىتى خۇشاللىقتا يۇزلىنىپ: «مەن ئاسترونومىيە، سېھىرگەرلىك، خىمىيە ئۇلاردىن باشقا پالانى - پۇكۈنى ئىلىملەرنى ئىجاد قىلغانمەن» دەپ ناھايىتى مەغرۇرلىنىپ ماختاندى. بۇ سۆز ئەپلاتونغا ياقمىدى ۋە جىنىغا تەگدى. يىغىلىش شۇ تەرىقىدە ئاخىرلىشىپ، ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىغا قايتىپ كېتىشتى.

ئەپلاتون بىر خىلۋەت جايدا ئولتۇرۇپ خىيال قىلدىكى: «شۇنداق ئاجايىپ بىر ھۈنەرنى ئىجاد قىلايكى، ئۇنى باشقا دانالار بىلمەيدىغان ۋە بىلەلمەيدىغان بولسۇن». ئۇ شۇ تەرىقىدە ئويلىنىپ ئاخىر مۇزىكىغا ئائىت بىرەر كەشپىيات يارىتىشقا ئىرادە باغلىدى. ئەپلاتون ئۇن - تىنسىز ئىشقا كىرىشىپ ئاجايىپ بىر چالغۇ كەشىپ قىلدى ۋە مۇزىكا قائىدىلىرى بويىچە چېلىشنى مەشىق قىلىشقا باشلىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ چېلىش ماھارىتى ئۆسۈپ، زېھنى ئۆتكۈرلىشىپ، ئوي - خىياللىرى قاناتلىنىپ، تەپەككۇرى چوڭقۇرلىشىپ، نەغمە شەھرىستانىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. نەتىجىدە، ئالتە دەرامەد (كىرىش)، ئون ئىككى مەقام(ئورۇن)، يىگىرمە تۆت شەبەھ (تۇر) دىن تەركىب تاپقان مۇزىكا ئىلمىنى ئىجاد قىلدى. ھەر شەبەھ ئۈچ يۈز ئاتمىش شاخ (تارماق)نى، ھەر شاخ ئۈچ يۈز ئاتمىش خىرام(يۈرۈش)نى، ھەر خىرام ئۈچ يۈز ئاتمىش سەۋت (ئاھاڭ)نى، ھەر سەۋت ئۈچ يۈز ئاتمىش مالىش (ئەۋج)نى، ھەر مالىش ئۈچ يۈز ئاتمىش رەمۇز (شىفىر، مەخپىي بەلگە)نى، ھەر رەمۇز ئۈچ يۈز ئاتمىش زەمزەم (يەڭگىل ناخشا) نى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەگەر بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ بىر دەرامەدنى بىرىنچى بۆلۈمىدىن باشلاپ تاكى ئاخىرقى كۈيىگىچە چالسا، بارلىق ئاڭلىغۇچىلار خۇددى جانلىرىدىن ئايرىلغاندەك ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ قالاتتى. ئەگەر جاندارلار بىر كۈينى چالسا جانسىز ھالەتتە بولسا، يەنە بىر كۈيگە چالسا، ھەممە ئادەم كۈلۈپ ھالسىزلىنىپ كېتىشەتتى. يەنە بىر بابدىكى كۈينى چالسا ھەممە ئادەم ئېسىنى يوقاتقان ھالدا شۇ قەدەر يىغلىشىپ كېتەتتىكى، پۈتۈن بەدىنىدە زەررىچىلىك نەملىك قالماس ئىدى. بۇ بابدىن ئۆتۈپ يەنە بىر بابدىكى كۈيگە چالسا ھەممە ئادەم ۋە نەرسە سۇغا ئايلىنىپ كېتەتتى. يەنە باشقا بىر بابدىكى كۈيگە چالسا، مەيلى تاش ياكى تۇپراق بولسۇن ۋە ياكى پولات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسىگە ئەنە شۇ كۈي تەسىرىدىن ئوت تۇتىشىپ كۆيۈپ كېتەتتى.

ئەلقىسسە، ئەپلاتون بۇ ئىشلىرىنى پىنھان تۇتۇپ، سىرتلارغا چىقماي، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشمەي، خىلۋەتتە ياشىدى. ئەرەستۇ بۇ ئەھۋالدىن گۇمانلىنىپ، ئەپلاتوننىڭ يوشۇرۇن ھالدا بىرەر ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى ۋە ئۇمۇ مۇزىكا ئىلمىدە بىر كەشپىيات ياراتماقچى بولۇپ

ئىش باشلىدى. ئۇ بىرقانچە مۇددەتتىن كېيىن ئىجادىيەت ئىشلىرىنى تاماملاپ، ئىسكەندەردىن
بىر يىغىلىش ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلدى. يىغىلىشتا ئەرەستۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇزىكىنى
چالدى. مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى جانسىز بولۇپ يىقىلدى. ئەرەستۇ بارلىق چارد-
چالدى. مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى جانسىز بولۇپ يىقىلدى. بۇنىڭدىن پادىشاھ ئىس-
لەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ بىھوش بولۇپ يىقىلغانلار ھوشىغا كەلمىدى. بۇنىڭدىن پادىشاھ ئىس-
كەندەرنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئەپلاتوننى چاقىرتىپ كەلدى. ئەپلاتون چالغۇسىنى قولىغا ئېلىپ
«پەسلى جاندار» ئاھاڭىنى ئورۇندىدى. بىھوش كىشىلەر ھوشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، ئەرەستۇ
باشلىق ھەممە دانا ئەپلاتونغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشتى.

ئەمدى ئەرەستۇ بىلەن ھۆكۈمالاردىن ئىككى كەلىمە سۆز ئاڭلاڭ:

ئەلقىسسە، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمالار بىر يەرگە جەم بولۇپ،
يۈز خىلدىن ئارتۇق دورا يىغىپ، ئۇلارنى ئوت بىلەن سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، شەربەت
(بىر تۈرلۈك ھالاك قىلغۇچى زەھەر) تەييارلاشتى. بۇ زەھەرنى بىرەر قۇتىغا ياكى پىيالىگە قا-
چىلىغىلى بولمىدى، چۈنكى زەھەرنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ھەرقانداق نەرسە ئېرىپ كېتەتتى.
دانىشمەنلەر پادىشاھ ئىسكەندەرگە بۇ ئەھۋالنى ئېيتىشتى. ئىسكەندەر ئەپلاتوندىن بۇ زەھەرنى
قانداق قۇتىغا قاچىلىسا، بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىدى، ئەپلاتون:

— ئەگەر ئالماستىن ياسالغان پىيالە بولسا، زەھەر شۇنىڭدا تۇختىغاي، — دەپ جاۋاب بەر-
دى. ئىسكەندەر خەزىنىچىسىگە:

— چىن خاقانى سوۋغات قىلغان ئالماس پىيالىنى ئېلىپ كەل !» دەپ بۇيرۇدى. خەزىنىچى
ئالماس پىيالىنى ئېلىپ كەلدى. ئەرەستۇ زەھەرنى ئالماس پىيالىگە قۇيدى. زەھەر پىيالىنى تې-
شىپ ئۆتمەي پىيالىدە تۇردى. ئەپلاتون «بۇ زەھەرنى ماڭا ئىچۈرىدۇ» دەپ ئويلاپ دەرھال ئىشقا
كىرىشىپ قىرىق شېشە شەربەت تەييارلاپ، ھەربىر شېشىگە خەت يېزىپ چاپلاپ قويدى ۋە بىر
زەمبىل تەييار قىلىپ، زەمبىلنىڭ ئىچىنى پاختا بىلەن تولدۇردى. ئارقىدىن شاگىرتلىرىدىن
بىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، يوشۇرۇن سىردىن خەۋەردار قىلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن شاھنىڭ ھوزۇرىدا بۇ زەمبىلدىكى پاختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈمالار تەييار-
لىغان زەھەرنى ئىچىمەن. بىرەر سائەتتىن كېيىن پاختىغا سىڭىپ كېتىشىم مۇمكىن. سىلەر
«ۋاي پىرىم» دەپ زەمبىلنى كۆتۈرۈپ كېلىپ بۇ يەرگە قويۇڭلار ۋە ھەر كۈنى بىر شېشە شەر-
بەتنى زەمبىلدىكى پاختىنىڭ ئۈستىگە قويۇڭلار. قىرىق كۈندىن كېيىن پاختا ئىچىدە بىر بوۋاق
پەيدا بولىدۇ. ئۇنى پەرۋىش قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار سەكسەن كۈندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم
دۇنياغا كېلىمەن. — دېدى ۋە دېگەنلىرىنى رىسالە قىلىپ يېزىپ شاگىرتىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسكەندەر ئەپلاتوننى چاقىرىپ كېلىشكە ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتتى. ئەپلاتون
شاگىرتلىرىغا زەمبىلنى كۆتۈرۈپ ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. شاھ ھوزۇرىدا ھەممەيلەن ئۆز
جايلىرىدا ئولتۇرۇشتى. ئەرەستۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھۆكۈمالار بىرلىشىپ بىر مىسقال دورا تەييارلىغانىدى. بۇ دورىنى دانىشمەنلەرنىڭ دانا-
سى بولغان سىزنىڭ ئىچىپ بېقىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمىز، — دېدى.

ئەپلاتون دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىسكەندەردىن پاتىھە ئېلىپ زەمبىلدىكى پاختىنىڭ ئۈس-
تىدە ئولتۇرى – دە، زەھەرنى بىرلا سۈمۈرۈپ بىر تامچىمۇ قالدۇرماي ئىچىۋەتتى. ھەممەيلەن
قارىشىپ تۇردىكى، ئەپلاتوننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، بىر پىيالە سۇدەك چېچىلىپ، زەمبىلدىكى
پاختىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى: «ۋاي ئۇستازىم، ۋاي پىرىم» دەپ ھازا ئېچىپ
زەمبىلنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان
بولدى. شاگىرتلار زەمبىلنى ئەكېلىپ، كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا قويدى ۋە ئەپلاتون يېزىپ بەرگەن
رىسالىدىكى تەرتىپ بويىچە ھەركۈنى بىر شېشە شەربەتنى زەمبىلدىكى پاختىنىڭ ئۈستىگە قوي-
دى. قىرىق كۈندىن كېيىن زەمبىلدىكى پاختا ئىچىدە چىرايلىق بىر «بوۋاق» پەيدا بولدى. شا-
گىرتلار «بوۋاق»نى ئېلىپ پەرۋىش قىلىشقا باشلىدى. ئارىدىن يەنە قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كې-

يىن «بوۋاق»نىڭ ئايىغى ۋە تىلى چىقتى. ئاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ساقال - بۇرۇتلىرى چىقىپ، يۈز كۈن بولغاندا بۇرۇنقى قىياپىتى ئەسلىگە كەلدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن ئەتراپقا تارالدى. ئىسكەندەرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە بارلىق ھۆكۈما - دانىشمەنلەر ۋە لەشكەرلەرنى يىغىپ، ئەپلاتوننى چاقىرتىپ كەلدى. شاھ ۋە باشقىلار ئەپلاتون بىلەن كۆرۈشۈپ، قايتىدىن خۇشاللىققا چۆمۈشتى. دانالارنىڭ سۆھبەتلىرى يەنە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئىسكەندەر ھەممىلەنگە نۇرغۇن ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى تارتۇق قىلدى. ھەممىلەن مەمنۇنلۇق ئىلكىدە خۇرسەن بولۇشتى.

بىر كۈنى ئەپلاتون پادىشاھ ئىسكەندەردىن «مەنمۇ دانالارغا بىر كارامەت كۆرسەتسەم» دەپ ئىلتىماس قىلدى. پادىشاھ بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل كۆرۈپ، بارلىق دانىشمەنلەر ھۇزۇرىغا يىغىپ ئەپلاتوننىڭ كارامەت كۆرسىتىشكە شارائىت ھازىرلىدى. ئەپلاتون:

— مەن زەھەر ئىچكەن ئالماس پىيالىنى ئەكىلىپ بەرسەڭلار، — دېدى. مۇلازىملاردىن بىرى ئالماس پىيالىنى ئېلىپ كەلدى. ئەپلاتون پىيالىنى قولىغا ئالماي ئەرەستۇغا قاراپ، — ئەي ئەرەستۇ، بۇ پىيالىدە سۇ ئەكىلىپ بېرىڭ، — دېدى.

ئەرەستۇ پىيالىدە لىق سۇ ئېلىپ كەلدى. ئەپلاتون ئوڭ قولىنىڭ بىر بارمىقىنى پىيالىدىكى سۇغا ئۈچ قېتىم چىلىغاندىن كېيىن، ئەرەستۇغا قاراپ: «بۇ سۇنى ئىچىڭ» دېدى.

ئەرەستو ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ سۇنى ئىچتى. ھەممىلەن «يەنە قانداق كارامەتلەر يۈز بېرەركىن» دەپ قاراپ تۇرۇشتى. ئەرەستونىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولدى. ئۇنىڭ رەڭگىرويى ئالدى بىلەن ئاقاردى، ئارقىدىن سېرىق، قىزىل، يېشىل ۋە قارا تۇسكە كىرىپ، بۇرنى، ئاغزى، كۆزى ۋە قۇلىقىدىن ئىس چىقىشقا باشلىدى ۋە بارا - بارا ئۇچقۇنلار چاچراپ يالقۇنغا ئايلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى ئاستا - ئاستا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئايلاندى. ئاغزىدىن تۆمۈر مىخ كۆرۈندى. ئوت ئۆلگىيىپ ئەرەستۇ سىمغا تارتىلغان كاۋاپدەك بولۇپ، ئاخىردا ئورۇندۇقلىرى بىلەن بىرگە كۆيۈپ، ئىس - تۈتەكلەر تاراپ، لاۋۇلداپ تۇرغان بىر پارچە چوغقا ئايلىنىپ قالدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇنىڭدىن ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا: «ئەرەستۇدەك دانىشمەن كۆيۈپ، بۇ ئالەمدىن كەتتى» دەپ بەكلا ئازابلاندى. ئەپلاتون شاھنىڭ بۇ غەمكىن ھالىنى كۆرۈپ، ئەرەستۇنىڭ شاگىرتلىرىغا: «ئۇ ئالماس پىيالىدە سۇ ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى ۋە ئېلىپ كەلگەن سۇغا سول قولىنىڭ بىر بارمىقىنى ئۈچ قېتىم چىلىغاندىن كېيىن: «بۇ سۇنى ئەرەستۇغا چېچىڭلار» دېدى.

ئۇلار پىيالىدىكى سۇنى چوغقا ئايلانغان ئەرەستونىڭ ئۈستىگە چاچتى. بىردەمدىن كېيىن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت ئاستا - ئاستا پەسلەپ سىخلار ئىچىگە تارتىلىپ يوقالدى. ئىس ۋە يالقۇنلارمۇ تۈگەپ ئەرەستۇنىڭ بەدىنى قارا، ئاق، قىزىل ۋە يېشىل رەڭلەرگە ئۆزگىرىپ بىر ھازادىن كېيىن سۈرىتى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىسكەندەرگە سالام بەرگەندىن كېيىن، ئەتراپتىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەپلاتونغا ئۆزرە ئېيتتى. ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ ئىككى دانايى دەۋرانغا كۆپ مېھرىبانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بىھېساب ئىنئام - ئېھسانلارنى تەقدىم قىلدى. ئەلۋەتتە، بارلىق مەجلىس ئەھلىمۇ ئىنئام - ئېھسانلاردىن بىبەھر قالمىدى.

دانىشمەنلەر ئارىسىدا بۇ خىلدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئويۇنلار، ھۈنەرلەر ۋە كەشپىياتلار داۋاملىق كۆرسىتىلىپ تۇراتتى. ھەربىر دانىشمەن ئۆز دەۋرىدە ئاجايىپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە يول ئېلىشقان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)

www.uyghurkitap.com



# كەپتەرۋازنىڭ ئوغۇللىرى

(چۆچەك)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ نېرىسىدا ماموت ئاخۇن ئاتلىق بىر كەپتەرۋاز ئۆتكەنىكەن. كەپتەرۋازلىق ئۇنىڭ ئاتا كەسپى ئىكەن، ئازغىنا يېرىنىڭ دېھقانچىلىقىدىن باشقا، ئۆمرى دېگۈدەك كەپتەر بېقىش بىلەن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ داۋۇت، ساۋۇت، ئاۋۇت ئاتلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ پوت قولىنىڭ ماغدۇرى، كۆزلىرىنىڭ قۇۋۋىتى كېتىپ، ئۆزىگە قېرىلىق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بالىلىرىم، پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. مەندىن سىلەرگە مۇشۇ ئازغىنا يەر ۋە بىر نەچچە كەپتەردىن باشقا ھېچنېمە مىراس قالمايدىغان بولدى. بۇلار دادامدىنمۇ ماڭا مىراس قالغانىدى. سىلەرمۇ مەندىن كېيىن قالغاندا، ئىلاج قىلىپ مۇشۇ جايدا ھايات كەچۈرۈپ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپ، مېنىڭ قىلغىنىمنى داۋام ئەتسەڭلار، ياراتقان ئىگەم سىلەرنى ئوڭتۇپ قالمايدۇ، — دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

دېگەندەك بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۈچ ئوغۇل ھازا ئېچىپ دادىسىنى يەرلىككە قويۇپتۇ. مۇسىبەت كۈنلىرىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۈچ ئوغۇل بىرلىكتە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىشقا كىرىشىپتۇ. داۋۇت بىلەن ساۋۇت دېھقانچىلىقنى ئوبدان قىلىدىكەنۇ، كەپتەرلەر بىلەن ئانچە كارى بولمايدىكەن. ئاۋۇت بولسا كەپتەرلەرگە دادىسىدىن چارە ئامراق بولغاچقا، ئاكىلىرى بىلەن بىللە دېھقانچىلىق قىلغاندىن سىرت كەپتەرلەرگە دان، سۇ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. داۋۇت بۇ يەردىن ئاستا - ئاستا زېرىككىلى باشلاپتۇ. ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالماي، بىر كۈنى ئىنىلىرىگە: بىر كۈنى: «مەن بۇ يەردىن زېرىكتىم، باشقا يۇرتلارغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلاي، ھال - كۈنۈم ياخشى بولۇپ قالسا، سىلەرگە ياردەم قىلارمەن ياكى سىلەرنىمۇ ئۆز يېنىمغا ئېلىپ كېتەرمەن» دەپ كېتىپ قاپتۇ. ساۋۇت بىلەن ئاۋۇت ئاكىسىنى تۇتۇپ قېلىشقا ئىلاج قىلالماي، كۆزلىرىگە ياش ئېلىشقىنىچە قاپتۇ.

داۋۇت ئىككى ئىنىسىنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇن يول يۇرۇپ بىر شەھەرگە يې-

تىپ كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ شەھەرگە كىرسەملا مۇۋاپىق بىر ئىش تېپىپ ئىشلەپ ھال - كۈننى ياخشىلىۋالغاندىن كېيىن، ئىنىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرمەن، دەپ ئويلىغانىكەن. ئەمما، ئۇ كوچىمۇكوچا، ئۆيمۇئۆي قاتراپ يۈرۈپ بىرەر مۇۋاپىق ئىش تاپالماپتۇ، ئاشخانىلاردا قاچا - قومۇچ يۇيۇپتۇ، ئوچاق - تونۇرلارغا ئوت قالاپتۇ، ھايۋانلار كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكلەرنى كۆتۈرۈپتۇ، قوش سۆرەپتۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ تاپقىنى گېلىدىن ئاشماپتۇ. ئاخىر بولالماي تىلەمچىلىكمۇ قىلىپ بېقىپتۇ. بىراق، كىشىلەر ئۇنىڭدەك يەتتە ئەزاسى بېجىرىم، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت يېغىپ تۇرىدىغان، ئەمدىلا قىرانىغا يەتكەن ياش ئەركەككە سەدىقە بېرىشنىڭ ئورنىغا دەشنام بېرىپتۇ. ئۇ ئىنىلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتەي دېسە، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ياخشى كۈن كۆرىمەن دەپ چىققاچقا، بۇ ھالەتتە بېرىشقا يۈزى چىدىماپتۇ. ئۆلۈۋالاي دېسە، جان تاتلىق بىلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغرىلىق قىلىش يولىغا مېڭىپتۇ. نەچچە قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ بايىمۇ بوپتۇ. بىر تەرەپتىن تېپىپ، بىر تەرەپتىن بۇزۇپ - چېچىپتۇ. نەچچە نۆۋەت تۇتۇلۇپ، نەچچە نۆۋەت قويۇپ بېرىلىپتۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىردا پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنى دارغا ئاسماقچى بولۇپ، زىندانغا سولاپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، داۋۇت قاراڭغۇ زىنداندا ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

ساۋۇت بىلەن ئاۋۇت ئاكىسى كەتكەندىن كېيىن، بىر - بىرىگە تەسەللى ئېيتىشىپ، بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئۆز پېتى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ساۋۇتمۇ بۇ يەردىن زېرىكىشكە باشلاپتۇ - دە، ئاكىسىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، ئۇكىسىنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئاۋۇتتىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇن يول يۈرۈپ، بىر يەرگە كەلگەندە ئاچلىقتىن يىقىلىپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر تۆگە كارۋىنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. كارۋان بېشى ساۋۇتنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆلمەسلىكىگە ئوزۇق بېرىپ تۆگە يېتىلىگىلى ساپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن مەنزىللەرنى باسقاندىن كېيىن، بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. كارۋان بېشى ساۋۇتنى مال قاتارىدا بىر بايغا قۇللۇققا سېتىۋېتىپتۇ. ساۋۇت شۇنىڭدىن باشلاپ شۇ باينىڭ چارۋىلىرىنى يايلاقتا بېقىشقا باشلاپتۇ.

ئاۋۇت ساۋۇت كەتكەندىن كېيىن، يىغلاپ - زارلاپ بېقىپتۇ، لېكىن ساۋۇت قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كەتكۈسى يوق ئىكەن. شۇڭا، ئۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى قۇلىقىدا مەھكەم ساقلاپتۇ، ۋاپاسىز ئاكىلىرىغا لەنەتلەر ئوقۇپ، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ كۈچىنىڭ يېتىشىچە دادىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بەل باغلاپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، ئاۋۇتمۇ قىرانلىق دەۋرىگە يېتىپتۇ. كەپتەرلىرىمۇ ئاۋۇپتۇ. ئۇ كەپتەرلىرىگە بۇرۇنقىدىنمۇ چارە ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ كەپتەرلىرىدىن نېرى كەتمىگەچكە، قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋالغانىكەن، شۇڭا ئەتراپىدا مۇڭلۇق ئۈنلىشىشىۋاتقان كەپتەرلىرىگە زوق - ئىشتىياق بىلەن قارايدىكەن، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ كۈنلىرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېقىن ئەتراپتىكى بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ ئاۋۇتنىڭ كەپىسىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا،

قىرانىغا يەتكەن بىر يىگىت بىر توپ كەپتەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇلار بىلەن ئوينىشىۋاتقۇدەك، كەپتەرلەرمۇ يىگىتنىڭ دىگەنلىرى بويىچە ھەرخىل قىلىقلارنى چىقىرىپ ئويناپ بېرىۋاتقۇدەك. پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ، كۆڭلىدە بولسا كەپتەرلەرگە نىسبەتەن ئاجايىپ بىر خىل ئىشتىياق قوزغىلىپتۇ. پادىشاھ ئاۋۇت بىلەن سىردىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ ھەمدە ئاۋۇتنى كەپتەرلىرى بىلەن قوشۇپ ئوردىغا ئېلىپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئاۋۇت بۇنىڭغا زادىلا ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئاخىر بولماي ئاۋۇتتىن ئوردىغا بىر جۈپ كەپتەر كۆندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئاۋۇت بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ، پادىشاھ ئۆزى تاللىغان بىر جۈپ كەپتەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوردىغا كېلىپ، كەپتەر كۆندۈرۈشكە باشلاپتۇ.

بۇ پادىشاھنىڭ بويىغا يەتكەن بىر قىزى بولۇپ، ئۇ نامەھرەمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزىگە ئاتاپ سېلىنغان قەسىرنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى مەخسۇس ھۇجرىدا تۇرىدىكەن. قىز بۇ ھۇجرىدا تۇرۇپ شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تاماشا قىلالايدىكەن. ئۇ بىر كۈنى دادىسىنىڭ قەسرىدە بىر يىگىتنىڭ بىر جۈپ كەپتەرنى ئوينىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە كېيىنكىلىرى ئارقىلىق دادىسىغا كەپتەرلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈش ئارزۇسى بارلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ قىزىنى ئارزۇيىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاۋۇتقا كەپتەرلەرنى مەلىكە تۇرۇۋاتقان قەسىرگە يېقىن جايدا ئوينىتىشنى ئېيتىپتۇ. يىگىت كەپتەرلىرىنى قەسىرگە ناھايىتى يېقىن بىر جايدا ئوينىتىۋاتسا بېشىغا بىر تال ئالما چۈشۈپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قەسىرنىڭ ئەڭ ئۈستىدە بىر ساھىبجامال قىز ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ. شۇئان ئاۋۇتنىڭ يۈرىكىگە قىزنىڭ ئىشتىياقى چۈشۈپتۇ - دە، بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئۇ ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنى ھېلىقى قىزنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپتۇ. قىز ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋاللارنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاۋۇت مەلىكىنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى، بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئىككىسى قىزنىڭ ھۇجرىسىدا كۆپ سىردىشىپتۇ.

مەلىكىنىڭ نامەھرەم بىلەن ئۇچراشقانلىق خەۋىرى ناھايىتى تېزلا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ كېلىپ ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ.

ۋەزىرلەرنىڭ بىرى: «پادىشاھنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈشكە ئۇرۇنغان بىئەدەپ كەپتەرۋازنىڭ كاللىسىنى دەرھال ئېلىش كېرەك» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ؛ يەنە بىرى: «گەرچە بۇ كەپتەرۋازنىڭ قىلمىشى شاھقا نىسبەتەن ھاقارەت بولسىمۇ، لېكىن ھەممىنى ئۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنى زىندانغا تاشلايلى» دەپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇ بىرنى دەپ، بۇ بىرنى دەپ كېڭەش خېلى ئۇزۇن داۋاملىشىپتۇ. لېكىن، پادىشاھ ھېچكىمنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرمەپتۇ. پادىشاھنىڭ بېشى ناھايىتى قېتىپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ ئارىسىدا ئەقىل - پاراسەت، ئەدەپ - دىيانەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر مويسىپىت ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇ مەسلىھەت بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئىشنىڭ شاھىمىز ئۈچۈن ئېغىر ھاقارەت ئىكەنلىكى بەرھەق. لېكىن، نۇقساننى

بىر تەرەپتىنلا كۆرۈشكە بولمايدۇ. شاھىمىزنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكتە شۆھرىتى جاھانغا مەشھۇر. بۇ ئىشنى مۇۋاپىق ھەل قىلساق، شاھىمىزنىڭ شۆھرىتى يەنىمۇ ئاشقۇسى. شۇڭا، كەپتەرۋازنى دەرھال ئۆز ماكانىغا يولغا سېلىۋېتەيلى. ئاندىن مەلىكىمىزنى ياتلىق قىلىشقا تۇتۇش قىلايلى. شاھلىقىمىزنىڭ مال - دۇنيا، ئالتۇن - جاۋاھىرغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ. شۇڭا، كويئوغۇل پۈتۈن ئوردا ئەھلى ۋە شەھەر خەلقىنى قايىل قىلالايدىغان يېڭى ھۈنەرلىك بولسۇن.

پادىشاھ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپ، ئاۋۋەتنى كەپتەرلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۆزىنى ماكانىغا يولغا سېلىۋېتىپتۇ. ئاندىن مەسلىھەت بويىچە شەھەرمۇشەھەر، يۇرتمۇيۇرت جاكارچى ماڭدۇرۇپتۇ. شەھەر بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ھۈنەر كۆرسەتكىلى كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا مەخسۇس جاي راسلاپ پۈتۈن ئوردا ئەھلى ۋە شەھەر خەلقى بىلەن تاماشا كۆرۈشكە ھازىرلىنىپتۇ.

ھۈنەر كۆرسىتىش باشلىنىپتۇ. ھۈنەرۋەنلەر شايى - ئەتلەسچىلىكتىن زىلچا - گىلەمچىلىككىچە، تۆمۈرچىلىك - ياغاچچىلىقتىن قورۇلۇش - مىمارچىلىققىچە ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپتۇ. ئاجايىپ رەڭدار گۈزەل تۇقۇلمىلار، كارامەت كۆركەم بىنا - ئىمارەتلەر پەيدۇپ چىقىپتۇ. لېكىن، ھېچقايسى ھۈنەر كۆپچىلىكنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقالماپتۇ، شاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتەلمەپتۇ.

ئۆز قەسرىدە بۇ كارامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرغان مەلىكىنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئاۋۋەت كەپتەرۋازدا بولغاچقا، ئۇنىڭغا بۇ ھۈنەرلەر تېخىمۇ يارىماپتۇ. شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كېرىپتۇ. ئۇ كېنىزىكىنى بۇيرۇپ ئاۋۋەتنىڭ كەپتەرلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىپ قويۇپ بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئاۋۋەتتىن ئاڭلايلى.

ئاۋۋەت ئوردىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، نورغۇن يول يۈرۈپتۇ، دەشت - باياۋانلارنى كېزىپتۇ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپتۇ، قورسىقى ئاچسا ئوت - چۆپ يەپ، ئۇسسىسا يامغۇر سۈيى ئىچىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئاخىر ئاچلىق ۋە ھېرىش - چارچاش ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوغان بىر توپ چىنارنىڭ تۈۋىدە يېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا قاغىلارنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئاۋۋەت مىڭ تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئىككى قاغا چىنار شېخىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقانىكەن: «ئەبلەخ، ئۇۋۇسىغا بارسىلا تىن تارتماي ئۆلىدۇ» دەپتۇ بىرى. «ئۇ ئەبلەخ بىز قويۇپ قويغان گۆشنى يەرمۇ؟» دەپتۇ يەنە بىرى. «يېمەيچۇ، چوقۇم يەيدۇ، يەيدۇ - دە، شۇ ھامان جان بېرىدۇ، ئاندىن بىز ئۇ كۆرەڭ ئەبلەخنىڭ گۆشنى يەپ تازا بىر تويۇۋالىمىز، قېنى شۇ چاغدا كۆرەڭلەپ باقسۇنچۇ ئۇ پور كۆتەك...». «ۋۇي، ئۇ يوغان قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ، قاچايلى!» قاغىلار شۇئان يەر بويلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ چىنارغا قونۇپتۇ. ئاۋۋەت بايىقى قاغىلارنىڭ مۇشۇ قۇشقا تۇزاق قۇرغانلىقىنى پەملەپ ساراسىمگە چۈشۈپتۇ. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، بۇ قۇشنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى بوپتۇ. قۇش پەسكە شۇنداق قاراپ، دەرەخ تۈۋىدە بىر ئادەمنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خىرىس قىپتۇ. ئاۋۋەت شۇ ھامان بايا قاغىلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى قۇشقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. قۇش ئاۋۋەتنىڭ دېگەنلىرىگە بىر ئىشە-

نىپ، بىر ئىشەنمەي ئۇۋۇسىغا بېرىپتۇ. قارىسا، راست دېگەندەك بىر پارچە گۆش تۇرغۇدەك. قۇش گۆشنى پۇراپ، ئۇنىڭ راستتىنلا زەھەرلىك گۆش ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئاۋۇتقا خىرىس قىلغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ. ئۇ دەرھال ئاۋۇتنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ، قانداقلىكى مۇشكۈلاتى بولسا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن ئاۋۇتنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئۆز ماكانىغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ ۋە ھەرقاچان ھاجىتى چۈشسە، پېيىنى كۆيدۈرسە دەرھال ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا بىر تال پېيىنى يۇلۇپ بېرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئاۋۇت ئۆز ماكانىدا يەنە بۇرۇنقى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ پات ـ پات مەلىكىنى ياد ئېتىپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇردىدا قالغان بىر جۈپ كەپتەر قايتىپ كېلىپ، شەھەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى، مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاۋۇتقا بايان قىلىپ بېرىپتۇ. مەلىكە ئەسلىدە كەپتەرلەردىن: «ئەگەر ماڭا ئېرىشىش نىيىتىڭىز بولسا، قىرىق كۈن ئىچىدە بۇ جاھاندا يوق ھۈنەردىن بىرنى ئۆگىنىپ، دادامنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈڭ» دېگەن خەۋەرنى ئەۋەتكەنىكەن.

ئاۋۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەلىكىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ پادىشاھ تەلەپ قىلغان ھۈنەرنى كۆرسىتىشكە كۆزى يەتمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنى بېرىلگەن مۆھلەتنىڭ 39 ـ كۈنى بولۇپ، مۆھلەت توشقىلى بىر كۈنلا قالغانىكەن. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى ئازابلىنىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر قېرى كەپتەر ئاۋۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قايغۇرما يىگىت، مەن بىر ئامال قىلىپ باقاي، — دەپتۇ ۋە بىر تۇخۇم تۇغۇپ ئاۋۇتقا كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ: — سەن بىزگە ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، چىن دىلىڭدىن مۇھەببەت باغلىدىڭ. ئەمدى بىز ساڭا خىزمەت قىلىدىغان چاغ كەلدى. سەن بۇ تۇخۇمنى ئىچىۋەتسەڭ، خاسىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىسەن. ھەرقاچان بىرنەرسىگە ھاجىتىڭ چۈشسە، تۈكۈرۈكۈڭ بىلەن شۇ نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزساڭ، شۇ زامان ئالدىڭدا ھازىر بولىدۇ.

ئاۋۇت تۇخۇمنى ئىچىۋېتىپتۇ. ئاندىن تۈكۈرۈكى بىلەن بىر ئەينەك سىزغانىكەن، شۇ زامان كۆز ئالدىدا بىر ئەينەك پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭدا ھەرخىل كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنۈپتۇ. ئاۋۇت ھەيرانلىقتا يەنە بىردەم قاراپ ئولتۇرغانىكەن، ئۆزى بارغان شەھەر، ھېلىقى پادىشاھ، ھەتتا مەلىكىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ بۇ كۆرۈنۈشلەرگە تازا دىققەت قىلىپ، ھۈنەر كۆرسىتىلىۋاتقان مەيداندىكى كارامەتلەرنى تاماشا قىلىپتۇ.

ئاۋۇت بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ھېلىقى قېرى كەپتەرگە كۆپ تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. خاسىيەتلىك ئەينەككە جاھان ئەينىكى دەپ ئات قويۇپتۇ ۋە ئۇنى ئېلىپ بېرىپ پادىشاھقا كۆرسەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىپ بولارمەن دەپ يەنە بېشى قېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە ھېلىقى قۇشنىڭ پېيى كەپتۇ ـ دە، ئۇنى ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى قۇش ھازىر بوپتۇ. ئۇ قۇشقا مەقسىتىنى ئېيتقانىكەن، قۇش ئۇنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ھەش ـ پەش دېگۈچە يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئاۋۇت جاھان ئەينىكىنى ئېلىپ قۇشقا مىنىپتۇ. ئالدىدا بىر جۈپ كەپتەر يول باشلاپ

مېڭىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

قىرىق كۈنلۈك مۆھلەتمۇ توشۇپتۇ. نۇرغۇن ھۈنەرلەر كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ھېچقايسىسى پادىشاھقا يارىماپتۇ. شەرتنى ئورۇندىيالىغۇدەك بىرىنىڭ چىقىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن پادىشاھنىڭ بېشى بەكمۇ قېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۈگۈن كەچكىچە تاقەت قىلىپ ئەتە ھەممە ئىشنى يىغىشتۇرۇپ، باشقا چارە تېپىپ قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ.

بۇ كۈنمۇ كەچ بولاي دەپ قاپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خاپا بولۇپ مەيداننى يىغىشتۇراي دەپ تۇرغاندا، ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندا بىر جۈپ كەپتەر، كەينىدە بەھەيۋەت بىر قۇش، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر يىگىت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ھايال ئۆتمەي ماھارەت كۆرسىتىلىدىغان مەيدانغا كېلىپ قونۇپتۇ. پادىشاھ كەپتەرۋاز يىگىتنى كۆرۈپ غوززىدە ئاچچىقى كەپتۇ. دانا ۋەزىر شۇ ھامان پادىشاھنىڭ دەرغەزەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، سەۋر قىلىپ كۆرۈپ باقمايلىمۇ، بۇ يىگىتنىڭ خېلى كارامىتى باردەك قىلىدۇ، — دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئاۋۇتقا ماھارەت كۆرسىتىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

ئاۋۇت پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىپ، كۆپچىلىككە سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، جاھان ئەينىكىنى ئېگىز بىر جايغا قويۇپتۇ. ئۇنىڭدىن ناھايىتى گۈزەل مەنزىرىلەر، كاتتا ـ كاتتا شەھەرلەر، ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلار كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. بۇ كارامەتلەرنى كۆرگەن پادىشاھ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە شەھەر خەلقى ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. پادىشاھ بۇ ھۈنەرگە قايىل بولسىمۇ، ئاۋۇتنىڭ ئۆزىگە كۆيئوغۇل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يەنە ئاچچىقى كەپتۇ. ھېلىقى دانا ۋەزىر يەنە:

— ئالىيلىرى، سەۋر قىلىپ ئۇنى يەنە بىر ھۈنەر كۆرسىتىشكە ئەمرى قىلسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ ئاۋۇتنى يەنە بىر ھۈنەر كۆرسىتىشكە ئەمرى قىپتۇ.

ئاۋۇت شۇ ھامان تۈكۈرۈكى بىلەن بىر ـ نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزغان ئىكەن، شەھەرنىڭ يېنىدا يەنە بىر كاتتا شەھەر پەيدا بولۇپ، ئاجايىپ كۆركەم ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئاۋۇتقا قايىل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىككىلىنىپ قاپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا:

— كەرەملىك شاھىم، مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم دەيتىكەن، ئۇنى يەنە بىر كارامەت كۆرسىتىشكە ئەمرى قىلسىلا. قارىغاندا بىز كۈتكەن ھۈنەرۋەن مۇشۇ ئوخشايدۇ. تەقدىرىگە تەن بەرمەي ئىلاجىمىز يوق. ۋەدىگە ۋاپا قىلماق لازىم، — دەپتۇ. ئاۋۇت پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە بىر تۇلپار ئاپىرىدە قىپتۇ ۋە پادىشاھنى ئۆزى بىلەن بىللە تۇلپارغا مىنىپ سەيلە قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ بۇ تەكلىپكە دەرھال ماقۇل بوپتۇ. ئىككىسى تۇلپارغا مىنىپتۇ. تۇلپار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇلار شۇ يۈرگەنچە بەزى پەسلەپ، بەزى ئېگىزلەپ نۇرغۇن شەھەرلەرنى، دېڭىز ـ ئوكيانلارنى، تاغ ـ دەريالارنى تاماشا قىلىپ، ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئاۋۇتنىڭ ھۈنىرىگە پادىشاھ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى چىن كۆڭلىدىن قايىل بوپتۇ. ئاۋۇت جاھان ئەينىكىنى، تۇلپارنى ۋە شەھەرنى پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھمۇ قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ. مەلىكىمۇ ئاۋۇتقا چىن دىلىدىن

قايىل بولۇپ، خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ.

ئاۋۇتمۇ پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. بۇ خۇشاللىققا ئېرىشتۈرگەن قەدىناس كەپتەرلىرىگە مىڭلاپ تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. يۈرىكىدە مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىستىكى جۇش ئۇرۇپتۇ. لېكىن، شۇ ھامان ئېسىگە ئىككى ئاكىسى كەپتۇ - دە، كۆڭلى پەرىشان بوپتۇ. ئۇ پادىشاھ بىلەن مەلىكىگە ئۆزىنىڭ ئىككى ئاكىسى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كىچىك ۋاقتىدا تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن خەۋەر يوقلۇقىنى، دېرىكىنى قىلىپ ھايات بولسا، ئۇلار بىلەن جەم بولۇپ، توي خۇشاللىقىدىن ئۇلارنىمۇ بەھرىمەن قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بىلەن مەلىكە بۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئاۋۇت بارلىق شەھەر ۋە ئادەملەرنىڭ سىيماسىنى بىر - بىرلەپ جاھان ئەينىكىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. لېكىن، ئاكىلىرى كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زىندانلارنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ، بىر چاغدا ناھايىتى چوڭقۇر، تار ۋە زەي بىر زىنداندا پۇتلىرى كىشەنلەنگەن، قولىغا كويزا، بوينىغا تاقاق سېلىنغان، چاچلىرى ئۆسۈپ مۈرىسىگە چۈشكەن، يېرىم جان ھالەتتە ياتقان چوڭ ئاكىسىنىڭ سىيماسى كۆرۈنۈپتۇ. ئاۋۇت ئاكىسى بار شەھەرنى ئوبدان پەرق ئېتىۋالغاندىن كېيىن، قۇشقا مىنىپ ئاشۇ شەھەرگە ھەش - پەش دېگۈچە يېتىپ بېرىپتۇ. توكۇرۇكى بىلەن ئۆتكۈر بىر شەمشەر پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن زىنداننى بۇزۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان ئاكىسىنى ئازاد قىپتۇ.

ئاۋۇت ئاكىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاكىسىغا كاتتا دۆلەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى، ئۇنى كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاكا - ئىنى بىرلىكتە ساۋۇتنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار يەنە جاھان ئەينىكى بىلەن نۇرغۇن شەھەرلەرنى، زىندانلارنى، مازار - ماشايىخلارنى ئىشقىلىپ، ئادەم بار دەپ قارالغانلىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپتۇ. لېكىن، ساۋۇت ھېچ يەردىن تېپىلماپتۇ. ئۇلار ئىلاجسىز قۇشقا مىنىپ مەلىكىنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، جاھان ئەينىكىدىن تويۇقسىز ساۋۇتنىڭ بىر يايلاقتا ئۆزى يالغۇز جۇلدۇر كېپەن ھالەتتە پادا بېقىۋاتقان سىيماسى كۆرۈنۈپتۇ. داۋۇت بىلەن ئاۋۇت خۇشال بولۇپ دەرھال شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

ئۇلار ساۋۇت بىلەن يىغا - زار قىلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇ ئۈچ بىر تۇغقان سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆزئارا سۆزلەپ بېرىشىپتۇ، يىغا - زار قىلىشىپتۇ. ئاندىن قۇشقا مىنىپ ئۆز ماكانلىرىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى كەپە ئورنىغا كاتتا شەھەر بىنا قىپتۇ. ئاۋۇت بىلەن مەلىكە قىرىق كېچە - كۈندۈز مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، خۇشال - خۇرام جەم بوپتۇ. ئاندىن ئەتراپقا يەنە ئىككى شەھەر بىنا قىلىپ، داۋۇت بىلەن ساۋۇت بىردىن ئىگىلەپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشۇپتۇ. داۋۇت بىلەن ساۋۇت ئۆزلىرىگە بەخت ئاتا قىلغان كەپتەرلەرگە چىن كۆڭلىدىن كۆيۈنىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ قېرىنداش ناھايىتى ئىناق ياشاپ، ئۆز شەھەرلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئەدلى ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ياشاپتۇ.

رەتلىگۈچى: ئىمىن تۆمۈر

ئېيتىپ بەرگۈچى: بەدى ئاخۇن

# لوپنۇر قوشاقلىرى



توپلاپ رەتلىگۈچى: مويدىن سايىت بوستان

تۆۋەندىكى قوشاقلار 1942 ـ يىلى چاقىلىق ـ يېكەن بۇلجىمال يول ياساش چوڭ ھاشارىغا قاتناشقان لوپنۇرلۇق ئىشلەمچىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان.

مىرەنگە ھاشار چىقىپ[1]،
ماڭا كەلدى بۇ زۇلۇم.
ئىزىمغا ئادەم بەرسەم،
قولۇمدا بولسا پۇلۇم.
مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
ساق تۇرسا ئىككى پۇتۇم؟

ماڭسام ـ ماڭسام تۈگىمەي
بۇ مىرەننىڭ سايلارى.
قۇملار قىزىپ چوغ بولدى،
يازنى تومۇز ئايلارى.
ھاشارنى بىزگە سالغان
يۇرتنىڭ زالىم بايلارى.

بۇنداقما بولماس ئىدى
ماڭا كەلگەن ئىرادە[2].

ئىشەكىم ئۆلۈپ قالىپ،
يولدا قالدىم پىيادە.
ئىزدەپ ھېچ تاپالمادىم،
قارىنداشلىرىم نەدە؟

مېڭىپ ـ مېڭىپ يېتەلمەدىم
مىرەن دېگەن يېرىگە.
ئارتسام كۆتۈرەلمىدى،
ئون بىر كوينى بېلىگە[3].
تاغلار ئۈنۈپ تۇسسىكەن
بۇ مىرەننىڭ شەرىگە.

ھاشارغا ئالىپ كەلدى
ھۆكۈمەتنى يارلىقى.
بىزگە غەم ـ زۇلۇم بولدى
ما شەنجاڭنى بارلىقى.

كۆن ئالماقتا تەس بولدى،
بۇ زاماننىڭ تارلىقى.

ئىنجۇلارمۇ كەلىپتۇ
قۇرۇلۇشتىن ئېرىققا.
ئۆلارغامۇ چارە يوق
دۆبەن سالغان يارلىققا.
ما شەنجاڭنىڭ زورلۇقى
بىزنى قويدى خارلىققا.

ئالتى شۇ ئارخىتى بار،
ھۆكۈمەتنى يوللۇرۇ.
شەنجاڭ «ئاتا» قويۇپ بەر
يەتتىنچى ئاي ئۇنلۇرۇ.
ھاشارچىلار يىغلايدۇ،
مەيدەسىدە قوللۇرۇ.

---

[1] 1942 ـ يىلى لوپنۇر، چاقىلىق، كورلا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىن ئون مىڭ ھاشارچى كونا چاقىلىق ـ مىرەن يولىغا ئىشلەشكە مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىنگەن.

[2] بۇ يەردە «تەقدىر»، «تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى» دېمەكچى.

[3] ئىشكى ئۆلۈپ قالغان ھاشارچى يەنە بىر ھاشارچىنىڭ ئىشكىنى 11 كويغا كىرا قىلغان، ئۇ ئىشەك ئانچە يول ماڭماي يېتىۋالغان. «ئون بىر كوينى كۆتۈرەلمىدى» دەپ شۇنى دارىتمىلايدۇ.

ئوسمان چوڭجاڭ باش بولدى،
چامنى ئوبدان تاللاسۇن.
ئاجىزلارنى يۆلەيلى،
تال باشلامدا قالماسۇن.
ھۆكۈمەتنى يارلىقى
بىزگە ئازاب سالماسۇن.

ھۆكۈمەتنى يارلىقى
دىيەنخۇا سوقۇپ ماڭۇرمۇ.
داۋۇت قاچا[1] ئالماشىپ،
تېكە ساقال قالۇرمۇ؟
رەھمى يوق تېكە ساقال
بىزگە زۇلۇم سالۇرمۇ؟

پاسار توكۇر بەگ بولۇپ،
ئالۋاڭنى قويۇپ ئېغىر.
يالاڭ دۈمبىگە ئارتىپ،
ئېشەكلەر ساپلا يېغىر.
يالاڭ ئاياغ ماڭامىز،
كاۋاپ بولدى گۆش، بېغىر.

پوتلار كۆيۈپ ماڭالماي،
چاچاق[2] بىلەن ئورايمىز.
ئالغان سولار توگۇسە،
باشقىلاردىن سورايمىز.
بىر چىنە ئاچچىق سۇنۇ
باھا قويۇپ تالايمىز[3].

كىرادىن تاپقان پۇلۇم
يەتمەدى سۇ ئالغالى.
مەنى ئېشەكتىن قويدى
يوقسۇزلۇقنى زارلىقى.
شۇنداقمۇ بولامۇدۇ
كەمبەغەلنى خارلىقى؟

* *

ئاتام مەنى ئۈچ نۆۋەت
بايغا قۇل قىلىپ ساتىپ.
دەرد، جاپانى كۆپ چەكتىم،
ئەسكى ئۆيلەردە ياتىپ.
ياتتىم كۆجەك[4]، قوتاندا
قوي تېرەسىنى ياپىپ.

ئاتام مەنى بۇ چاغقا
يوقلاپماغو كېلەتتى.
مەندىن باشقا ئۈچ ئوغول،
ئىككىنى ساتىۋەتتى.
ئاتامغامۇ ئامال يوق،
ئۆگەيچەم[5] بېرىۋەتتى.

قوي باقمەن جاڭگالدا،
ئۆيگە كەلمەي يىل بويى.
ئازابلايدۇ ئاش بەرمەي،
يوقاپ كەتسە بىر قويى.
مەنى قۇل قىلىپ ئالغان
يۇنۇس بەگنى مال - پۇلى.

ئاتام مەنى ئېپ كەتسە،
ساقايدۇ ئاغرىقىم.
يۇنۇس بەگنى زۇلمۇدۇن
قۇرۇپ كەتتى ئىچ - باغرىم.
باينىڭ پۇلى يىلىممۇ؟
ئېتىلىپ كەتتى ئاغزىم.

سەككىز يىل بولدى ماڭا،
تۇگۇمەيدىغان قەرزىمۇ؟
ئاڭلانماغان ئوخشايدۇ
شاڭيۇغا تۇتقان ئەرزىمۇ؟
مېنى بايغا قۇل قىلغان
خۇدايىم پۈتكەن پەرزىمۇ؟

* *

ھەجگە ماڭدى يۇنۇس بەگ
قانات ياساپ پۇلۇدا.
جان بېرىپتۇ ئاڭلاساق
ھەرەممەتنىڭ يولۇدا.
تاپقان ئوغول - قىزىڭنى
قويدۇڭ كىمنى قولۇدا؟

جۇۋالىپ[6] تاپقان دۇنياڭ
يەتمەي قالمان نەپسىڭگە.
ھالالى يوق ماللارىڭ
تەپكەن داغدۇ ئەپتىڭگە.
خۇدا ئۆزى بىلەدۇ
كىملەر چۈشتى قەستىڭگە.

كەيگەن تونۇڭ، يۆگەچىڭ[7]
ياراشماغان ئۆزۈڭگە.
پۇلۇڭ توغرا تۇرماپتۇ
ساڭا كەلگەن ئۆلۈمگە.
بوغۇزۇڭدىن بوغقاندۇ
سالغان كۆنۈڭ گۆلۈمگە.

① داۋۇت قاچا — ئىسىم، قاچا — لەقىمى.
② چاپاق — سويا قومۇش.
③ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى: تالىشىمىز.
④ كۆجەك — قويلار كۆشۈگەچ يېتىپ ئارام ئالىدىغان جاي، ئاتچىكىلا توسۇپ قويۇلغان يازلىق قوتان.
⑤ ئۆگەيچە — ئۆگەي ئانا.
⑥ جۇۋالىپ — جازانىخورلۇق قىلىپ.
⑦ يۆگەچ — سەللە.

سەن پۇلۇڭغا ئىشەنىپ،
زۇلۇم سالدىڭ باشىمغا.
تارتىۋالىپ گۈلۈمنى،
ئاغۇ قوشتۇڭ ئاشىمغا.
كېمە سالىپ ئۈيىنادىڭ
كۆزدىن ئاققان ياشىمغا.

*　　*

ساق قويماپتۇ جانىڭنى
هارامدىن تاپقان پۇلۇڭ.
ساڭا ساۋاب بەرمەپتۇ
خۇدا ئاچماغان يولۇڭ.
ئاقىپ كەتسۇن گۆرۈڭدە
مېنى ئۇرغان شۇ قولۇڭ.

ئەجەبما توختامايدۇ
بۇ قويلارنىڭ ئاياغى.
باشىمىزغا چۈشەدۇ
زالىملارنىڭ تاياقى.
بۇ جاهاندا يوق ئىكەن
زالىملىقنىڭ سوراقى.

قورساقىمغا ئاش بەرمەي،
كۆزلۈرۈمدىن ياش ئاقىپ.
جانىم ئاتام يۈرۈيدۇ
ئارالدا كۆلنى باقىپ[①].
بەگلەرگە ئۇرغۇزۇدۇ
بايىچە دائىم چاقىپ.

جاڭگالدا قويلار باقىپ،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.
مەن بارىپ كىمگە ئايتاي؟
باي زۇلمۇ ئاشىپ كەتتى.
قولۇدا پۇلۇ يوقۇ،
جان ئاتام ساتىۋەتتى.

بىزما رەھمەت ئوقۇيمىز
هالىمىزغا يەتكەنگە.
بايلار قاتتىق ئۇرۇدۇ
قوي قايرىلىپ كەتكەنگە.
بۇمۇ مەنى سازايىم
ئىشلەيمەن دەپ كەلگەنگە.

قويلارى ياتىۋالىپ،
جاهانلار پاتقاق ئۈچۈن.
خۇدايىم بەرگەن ئىكەن،
بۇ بايلار پىخسىق ئۈچۈن.
ئاتام مەنى ساتقاندۇ،
جان باقماق قاتتىق ئۈچۈن.

زالىم مەنى ئۇرۇدۇ
كالاغا بانە قىلىپ.
بىر كۈن كەچكىچە تۇردۇم
خۇداغا نالە قىلىپ.
خۇدايىم قوشامۇدۇ
گۈلۈمنى بىللە قىلىپ؟

زالىملىق ئەجەب ئۆتتى،
مەن ئەمدى چىدامايمەن.
باينىڭ ئازابلارىغا
ئەمدى قاراپ تۇرمايمەن.

قۇل، چاكارلار گۇناهسىز
كېتەدىكەن ئاتىلىپ.
قولۇدا پۇلۇ يوقچۇن
باي ـ بەگلەرگە ساتىلىپ،
پۇلغا ساتىپ ئالدىم دەپ،
قىينايدۇ ئازاب قىلىپ.

بىر ياخشى ھەمراھ تاپسام
ئىشلەگەن پۇلۇم بىلەن.
قارا كۆڭۈل زالىم باي
ئايرىدى زۇلۇم بىلەن.
يەنە يالغۇز يۈرۈرمەن،
سۆزلەشىپ ئۆزۈم بىلەن.

سىنى كۆڭلۈڭ توققۇ باي،
ئىككى قىزىڭ تۇل ئۈچۈن.
سەھەردە كاپشىپ قوپۇپ،
ئالدىڭدا قوي، پۇل ئۈچۈن.
مەن ساڭا گەپ قىلمادىم،
خۇدا بەرگەن قۇل ئۈچۈن[②].

*　　*

ياز بويى پىچان ئۇردۇم،
مىڭدىن بىرىنى خىللاپ.
بىر ياخشى گەپلەرى يوق،
ھەمىشە مەنى تىللاپ.
كېچە ـ كۈندۈز زارلاندىم

① تۇرلۇڭ جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى يۆتكىلىپ تۇرغانلىقى ھەم قۇم ـ بوران ئاپەتلىرى دېھقانچىلىقنىڭ مۇقىملىقىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ، خەلق تۇرمۇشىدا بېلىق، ياۋايى ھايۋانلار، سۇ قۇشلىرى، يېكەن، ئۇچۇر (يېكەن يىلتىزى)، ئۇجۇل (يېكەننىڭ يېڭى چىققان يۇمران پۇپۇكى) ئاساسىي ئوزۇقلۇق بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق تەبىئىي ئوزۇقنى قوغلىشىپ بىر ئائىلە ـ بىر جەمەت بىر كۆلنى ئىگىلىگەن. كېيىنچە كۆل بەگلىكى يولغا قويۇلۇپ، بۇنداق باشقۇرۇش شەكلى ھەتتا بەزى جايلاردا 1930 ـ يىللارغىچە داۋام قىلغان.

② ئانىسى تەرىپىدىن بايغا يىللىق چاكارلىققا سېتىۋېتىلگەن بىر بالا ئۆيىدىكىلىرىنى كۆرگۈسى كېلىپ، ئۆيىگە بېرىپ ـ كېلىشكە رۇخسەت سورىسا، باي: «قۇل ـ چاكارمۇ ئۆيىگە بارامدۇ؟» دېگەن. بۇ قوشاق باينىڭ شۇ گېپىگە قارىتا توقۇلغان. ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا: سېنىڭ باللىرىڭ ئالدىڭدا تۇرغاچقا، كۆڭلۈڭ پۈتۈن، توق. دادامنىڭ مېنى قانچىلىك كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى سەن بىلەمسەن، دېمەكچى.

ئىگەم ــ خۇداغا يىغلاپ.

كېچە ـ كۈندۈزلەپ باقسام،
قويلارى يەنە ئورۇق.
يىلدىن يىلغا كىيىشىم
تاشلاۋەتكەن شىرى چورۇق.
جاننى قىيناپ ئاغرىيدۇ
ئۆك سالامدىكى[1] يورۇق.

تۆتىنچى ئاي پەسلى بولدى،
يەردىن چىققان گەنجەسى[2].
قويۇنۇ تولا باقىپ،
زۇلۇم تارتقان بەندەسى.
بىر يۇدۇم ئوتۇن بەرسەم،
تىللاپ كەتتى يەڭگەسى.

تۇرۇۋالدى قويلارى،
قوزلارى ياتىۋالىپ.
جانىمغا بالا بولدى،
بىر قويى ئۆلۈپ قالىپ.
قويۇنۇ باقتۇرسۇنلا،
پۇلۇغا ساتىۋالىپ.

هايداسامما ماڭمايدۇ
زالىم باينىڭ كالاسى.
كۆز ئۇچۇڭنۇ[3] سالىپ قوي،
بىزما ئادەم بالاسى.
قۇلاقىڭغا كىرمەمدۇ
مەن يېتىمنى يىغاسى؟

چاكارلار چۆلدە قالدى،
ئىككى مىڭ قوينۇ باقىپ.
كېسەل ئاتام يىغلاپتۇ،
ئوزۇقۇ[4] يوق ئاچ ياتىپ.
باققاننى ماڭا بەر،
مەن باقاي قويغا قاتىپ.

ئوچاقتا نان كۆمەي دەپ،
چاناپ قويدۇم پىيازنى.
ھەممەلىسى يەكلەيدۇ
مەن بىر يېتىم نىيازنى.
خۇدا ئۆزى ئەدەپلەر
شاڭيۇ ئوغلى قوتازنى.

باينىڭ رەھمى كەلمەدى،
هايۋاندەك ئىشقا سالىپ.
مەن قالىپ ئاراسىدا،
جانىم كەتتى قىينالىپ.
بەش يىل باقىپ قويۇنۇ،
يانىدىم قۇرۇق قول قالىپ.

خۇدا ئۆزى كۆرگەندۇ
مەنى ئىشلەگەننىمنى.
قورساقىمغا نان بەرمەي،
كۆك قامۇش يېگەننىمنى.
ئادەم تۇرۇپ ئۆيۈم يوق،
جاڭگالدا يۈرگەننىمنى.

باش ئاقسۇپا ئىچىدە
ئۆزۈن ئىسلام باي ئىكەن.
بەش ئوغلۇنۇ ئىچىدە
كەنجەسى ئالغاي ئىكەن.
بىرەرسىگە نان بەرسە،
ياندۇرۇپ كېتەدىكەن.

تولا ماڭىپ يىرتىلدى
ئەتۈكۈمنۇ باشلىقى.
بۇ بايلارغا ئاش بولغان
توقۇ، ئۆدەك تاشلىقى[5].
بايغا ئىشلەپ ئۆتەمدۇ
يېتىم باللا ياشلىقى؟

ئۆمرۈمگە ئاغۇ بولدۇ
ئىسلام تازنى يايلاقى.
قورساقتا سانجىق بولدۇ
بەرگەن سوغ سۇ، قايناقى.
تاغ بوپ باستى باشىمنى
بەرگەن قوتۇر ئوغلاقى.

چوڭ سۆزلەمە ئىسلام تاز،
بىرنى قويسام ياتۇرسەن.
هالالى يوق مالىڭنىڭ،
قايسى كۈنگە قالۇرسەن؟
بىزگە قىلغان زۇلمۇڭنى
قىيامەتتە تاتۇرسەن.

گۆلمۇمنۇ[6] سالىپ ئۆتتۇم
دەريادەكى ئاقىشقا.
خۇدايىم بۇيرۇپتىكەن
باي قويۇنۇ باقىشقا.
جانىم ئاتا، قول قىلىپ،

---

① سالا – پۇتنىڭ بارماقلىرى.
② گەنجە – ئەتىيازدا يېڭى ئۆسكەن يۇمران ئوت ـ چۆپ.
③ كۆز ئۇچۇ – كۆز قىرى.
④ ئوزۇقۇ – ئوزۇقى.
⑤ توخۇ، ئۆردەكلەرنىڭ تاشلىقىنى (دانلىقى) قورۇتۇپ سوقۇپ كاپ ئېتىپ بەرسە، ھەزىم قىلىشنى كۈچەيتىدۇ. ئاشقازان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ھەم ئۇنى ئۇنۇملۇك داۋالايدۇ.
⑥ گۆلمۇ(گۆلمە) ــ بېلىق تۇتىدىغان تور.

ساتىۋەتتىڭ نېمىشقا؟

قورساقىمنى ئاچىغا
ماڭسام پۇتۇم ئېسىلىپ.
باشىمغا تاغ يىقىلدى،
بىر پاخلانى كام چىقىپ.
زالىمدىن ئايرىۋالغىن،
جان ئاتا ئۆزۈڭ كېلىپ.

پەس كۆرۈدۇ باي بىزنى،
توكۇر، تىشقاق قويۇدۇن.
قۇتۇلۇپمۇ چىقارمەن
زالىم باينى قولۇدۇن.
ئۆزۈلمەيدۇ قاراقىم[①]
تۇرۇمتايىم[②] يولۇدۇن.

باي قولۇدۇن قۇتۇلسام،
مەن كەتمەن تارىمغا.
ئارمان يەيمەن يەتسەم دەپ،
ھەمراھلىقىم يارىمغا.
قوشامۇدۇ خۇدايىم،
يەتىپ مەنى ھالىمغە؟

ئۆيقۇ كەلمەي كۆزۈمگە،
قاراپ ياتتىم ئاسمانغا.
باي ئايلاسى خۇش بولدى،
مەنى باغلاپ ئۇرغانغا.
مەنى چاققان سەن ئايلام
قارامتۇرلۇق[③] ئىسلامغا.

ھېچنېمە بىلىنمەيدۇ،
ساق تۇرامەن تاشىمدا[④].
غېرىب بولۇپ يىغلايمەن،
قوم دۆۋىسى باشىدا.
بىر گادا تاش بارمىدۇ
ئۆگەي ئانام باغرىدا؟

ياخشى ئادەم بالاسى
ھەممە ئىشقا ئېتىملىق[⑤].
ماڭا ئەجەب بىلىندى
ئاناسى يوق يېتىملىك.
ئەجەب كۆڭۈم تۇگۇمەي،
يەنە ساتتى بىر يىللىق.

جان باقىشنىڭ ئورنۇ يوق،
ساتىلدىم باي خوجامغا.
شۇنچە يىللار ئىشلەدىم،
چاپان چىقماي بويۇمغا.
پېشكەلچىلىك شۇمىكىن،
بۆرە چاپىپ قويۇمغا.

ئارا قۇمدىن[⑥] كەلگۈچە،
ئېشەكىم ھارىپ قالىپ.
ئۇجۇللۇقتا[⑦] يۈرۈيدۇ
ھەمراھ گۇلۇم سارغايىپ.
مەن كىشكە ساتىلغاچ،
يوقلايالمادىم بارىپ.

ئات باغلىغۇچ[⑧] دەيدىكەن
قۇرۇق تارىم بويۇنۇ.
كۆرگەنلەر ئايتىپ كېلۇ
ھەمراھىمنى خۇيۇنۇ.
روزۇغا[⑨] ئايتىڭلارچۇ،
ئالىۋالسۇن قويۇنۇ.

باينى قويۇنۇ باقتىم،
ئۇتتۇزدەك قۇدۇق قازىپ.
چەككەن دەرد، جاپايىمنى
ئېبەرتەي خەتكە يازىپ.
خىيال كەتمەي ھوشۇمدىن،
كەتتىم يولۇمدۇن ئازىپ.

---

① قاراق – كۆزنىڭ قارىچۇقى.
② تورۇمتاي – تورۇمچۇق.
③ قارامتۇر – قارا نىيەت، تەلۋە، ۋەھشىي.
④ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى، سىرتىدىن قارىغاندا ساق تۇرغىنىم بىلەن...
⑤ ئېتىملىق – يارامىلىق.
⑥ جاي نامى.
⑦ جاي نامى.
⑧ جاي نامى.
⑨ روزۇ – روزى.

كۆزلەكتىن بوستانغىچە ①
توختاماي قانلىق ياشىم.
ئاتام قەرزىگە ئىشلەپ،
ئاقاردى قارا باشىم.
بارمۇ ـ يوقمۇ بىلمەيمەن،
ئۆيگە قايتىپ باراشىم.

بوكورمۇ ② يامان ئەمەس،
قولۇدا يوقتۇر پۇلۇ.
پاناھسىز قالغان يېتىم،
قانداق بولۇدۇ يولۇ؟
ئاچ ـ يالاڭغاچ يۈرۈدۇ،
بولۇپ روزۇنۇڭ قۇلۇ.

خەلقنى باش ئەگدۈرگەن
ئۇنۇڭ قانلىق قامچاسى.
تۈردۈ دېگەن گالۋاڭمۇ
بوپتۇ بەگنى غالچاسى.
چوكۆيۈپ پاتماغانغا
يىرتىلغاندۇ ئالچاسى.

بىز نېمە قىلغاندىمىز
دەلدەكچىسى تۈردۈغا؟
رەھىم قىلماي ھايدايدۇ
باشئۆكتەننىڭ ③ تۇغۇغا.
بەرگەن كۆڭلەك كېپەنلىك،
ئاشى ئۇخشار ئاغۇغا.

ئانام مەنى تۇغماسا،
بۇ دەردلەرگە قالمايتتىم.
يارىم مەندىن جان دېسە،
تەييار ئىدىم، يانمايتتىم.
زاماندا بولسا ئىنساپ،
مەن بۇ كۈنگە قالمايتتىم.

يوقسۇزلۇق قولى مەنى
قاتقۇزمادى يارىمغا.
بايلار قۇلاق سالمادى
قانلىق يىغا ـ زارىمغا.
مەن كۈنۈمنۇ تاپشۇردۇم
ياراتقان خۇدايىمغا.

بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى،
تۆڭلۈك باراشى ④ بارىپ.
ھاشارچىغا يېتەلمەي،
كەلدىم بوستاندىن يانىپ.
گايىت بىر سويما بەردى،
تۈرسام قورساقىم ئاچىپ.

لايسۇلۇقلار ئۈرۈيدۇ
ئالتىنچى ئايدا ئۇرمانى.
يار قاشىغا بارىشقا
تاپالمادىم ئامالنى.
چۆلقۇدۇقتىن ئۆتكەندە،
تىلەپ يېدىم سويمانى.

ئاچچىققى ⑤ ياقاسىدا
تېنەپ كېتىپ جامالى.
باش سۇنۇ ئېتىۋالىپ،
لايسۇغا بول ئۇۋالى.
بىزگە ئۇۋال بولماسۇن،
ساۋۇت بەگكە بارالى.

مەنى سوراپ كەلىپتۇ
جانىم ئانام ئالماخان.
بىر چىنە سۇ بەرمەدى
باي ئاغچەسى ئايتۇران.
كەمبەغەلگە باغرى تاش،
بېخىل ئىكەن بۇ جاھان.

(توپلاپ رەتلىگۈچى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

① كۆزلەك، بوستان ــ جاي ناملىرى.
② بۇكۇر ــ بەكرى
③ باشئۆكتە ــ جاي نامى.
④ تۆڭلۈك باراشى ــ ئادەم ئىسمى.
⑤ ئاچچىق ــ جاي نامى.

# «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرى

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپكى ۋەزىپىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە تەلەپ - ئارزۇلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، ژۇرنالدا ئەسلىدە بار بولغان سەھىپىلەرگە بەزى يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇش ئارقىلىق تەسىس قىلىندى. «بۇلاق» ژۇرنىلى تۆۋەندىكى سەھىپىلەر بويىچە ئەسەر قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ:

**ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ئىجاد قىلغان ياكى تەرجىمە ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن ھەرخىل تۈر ۋە ژانىردىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بېرى ياراتقان ياكى تەرجىمە قىلغان تارىخىي خاتىرە، تەزكىرە، ساياھەت خاتىرىلىرى تاللاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

**شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدەبىي مىراسلار ياكى ئۇلاردىن نەمۇنىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز:** بۇ سەھىپىگە تۆرلۈك مەزمۇندىكى قەدىمىي خەت - چەكلەر، يەر خېتى، مىراس خېتى، ئېلىم - سېتىمغا دائىر قەدىمىي يازما كېلىشىملەر، ۋەخپە - تەۋلىيە خەتلىرى، ئەرز خېتى، سالام خەتلەر ۋە باشقا خەت - چەكلەر بېرىلىدۇ.

**شەرق كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن مۇھىم تارىخىي خاتىرىلەر، تەزكىرىلەر، ساياھەت خاتىرىلىرى، ھۆججەت، ۋەسىقىلەردىن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى تاللاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەلەمگە ئېلىنغان ياكى ئاغزاكى تارقالغان خەلق داستانلىرى، خەلق قىسسىلىرى، چۆچەك، رىۋايەت، ئەپسانە، لەتىپىلەر، لاپلار، ھېكايەتلەر، بېيىت - قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەر، مەسىللەر ۋە باشقا ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر:** بۇ سەھىپىدە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئېتنوگرافىيە، گېئوگرافىيە تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىختا ۋە ئۇلار ياشىغان زېمىنغا مۇناسىۋەتلىك ئېتنىك ناملار، يەر - جاي ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات ۋە تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئارخېئولوگىيە، دىن ۋە فولكلور تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ - تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە شۇنىڭغا دائىر ماقالىلار تونۇشتۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ دىن، ئۆرپ - ئادەت، ھۈنەر ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىگە دائىر تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. ھەربىر ھۈنەر، سەنئەت ۋە دىن مەخسۇس تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى، تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى، شۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى قاتارلىقلار يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بۇ سەھىپىدە يەنە ھۈنەر ۋە سەنئەتكە دائىر قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە رىسالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تىلى، تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئۇيغۇر پەلسەپىسى تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەنبەلىرى، شەرق ۋە غەربنىڭ پەلسە-

www.uyghurkitap.com

پىۋى قاراشلىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدە ئەكس ئەتكەن پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنبەلىرى قاتارلىقلار يۇرۇتۇپ بېرىلگەن تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى، ئۇيغۇر تېبابەتى رېتسېپلىرى، ساغلاملىققا دائىر ھېكمەت دۇردانىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، شۇنداقلا باشقا ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر تەتقىقاتچى ـ ئالىملىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلاردىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق مەسىلىلىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**بىزدىكى مائارىپ، تەنتەربىيە:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ قاراشلىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا تەتقىقاتى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە شەكىللىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**بىزدىكى قانۇن ۋە باشقۇرۇش شەكىللىرى:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان ئەنئەنىۋى قانۇن ـ نىزام، ئەمىر ـ پەرمانلار، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر تۈرلۈك چارە ـ ئۇسۇللار ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

**ھېكمەت خەزىنىسى:** بۇ سەھىپىدە قەدىمكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى، كلاسسىكلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاققا دائىر ئەدەبىي مىراسلىرى ۋە تۈرلۈك تېمىلاردىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**مەشھۇر ئەسەرلەر:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن مەشھۇر ئەسەرلەر، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئىجاد قىلىنغان داڭلىق ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**مەشھۇر شەخسلەر:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر خەلقلىرىدىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلار:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسخانىسى:** بۇ سەھىپىدە ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئىزاھلانغان، تەھلىل قىلىنغان ۋە يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلەر، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ دەرسلىكەردىكى قىيىن نۇقتىلار، چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆز ـ ئىبارىلەر ھەققىدە سورىغان سوئاللىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋابلار ئېلان قىلىنىدۇ.

**مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان تۈرلۈك ژانىردىكى بىئوگرافىك ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**تارىختىن ئىزلار:** بۇ سەھىپىدە ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان، يېقىندىن يېزىلغان تارىخىي تېمىدىكى تۈرلۈك بەدىئىي ئەسەرلەر ياكى ئۇلاردىن پارچىلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدە:** بۇ سەھىپىدە ئەدەبىياتىمىزدا يېقىندىن بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ژانىردىكى يېڭى ئەسەرلەر ۋە ئۇلارغا يېزىلغان باھا ـ تەقرىزلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

**ئۇچۇرلار:** بۇ سەھىپىدە يېڭى خەۋەر ـ ئۇچۇرلار ئېلان قىلىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىز يۇقىرىقى سەھىپىلەرنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، ھەرقايسى سانلارغا بۆلۈپ، مۇۋاپىق تەڭشەپ ئىجرا قىلىدۇ. ئاپتورلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى سەھىپىلەر بويىچە يازغان ئەسەرلىرىنى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى، بۇ سەھىپىلەردىن بەھر ئېلىشنى ئىزدىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.





«نەۋرۇزنامە» نىڭ قولىيازمىلىرى

www.uyghurkitap.com



ئەسھابۇل - كەھف

ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى


# 源 泉 (布拉克)

# بۇلاق

(维 吾 尔 文)　　总112期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 112 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

新 疆 人 民 出 版 社 编 辑 出 版
(乌 鲁 木 齐 市 解 放 南 路 3 4 8 号)
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌 鲁 木 齐 市 邮 局 发 行
中 国 国 际 图 书 贸 易 总 公 司 国 外 发 行
全 国 各 地 邮 局 订 阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号:CN65-1063/I
本刊代号:58-108　　定价:6.50元
ISSN 1005-0876　　国外代号:Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　　باھاسى: 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118